
ئۆمەرجان سىدىق (مىسكىن)
قايدىسەن دىلدار
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئۆمەرجان سىدىق
( مىسكىن ) 1971 - يىل 2 -
ئاينىڭ 23 - كۈنى تۇرپان
شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسىدا
تۇغۇلغان . 1988 - يىلى
سىڭگىم ئوتتۇرا مەكتەپنى
تاماملىغان . 1992 - يىلى
قەشقەر پېداگوگىكا
ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ ،
« تۇرپان گېزىتى » ئۇيغۇر
تەھرىر بۆلۈمىگە تەقسىم
قىلىنغان . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن
ئەدەبىي بەت مۇھەررىرى ۋە
مۇخبىر بولۇپ ئىشلەپ
كەلمەكتە .

ئۆمەرجان سىدىق
( مىسكىن ) 1989 - يىلدىن
باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە
كىرىشكەن بولۇپ ، ھازىرغا
قەدەر « تارىم » ، « تەڭرى
تاغ » ، « شىنجاڭ ياشلىرى »،

ئۆمەرجان سىدىق ( مىسكىن )



# قايدىسەن دىلدار

( ھېكايە ـ نەسرلەر )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

心上人,你在何方/吾买尔江·斯迪克著.—喀什:喀什维吾尔文出版社,2001.8
ISBN 7—5373—0877—2

Ⅰ.心… Ⅱ.吾… Ⅲ.①维吾尔族—短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)②维吾尔族—散文—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I291.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第063652号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
850×1168**毫米** 1/32**开本** 4.625 **印张** 1**插页**
2001**年**9**月第**1**版** 2001**年**9**月第**1**次印刷**
**印数**:1—2570 **定价**:8.00**元**

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلار

كىچىككىنە كەلگەن خەت ........................ 3
ھالقىش ........................................ 12
چۈشۈش ........................................ 18
چۈش ........................................ 24
سىناق ........................................ 29
يانچۇقچى ........................................ 32
ماگما سۇ بىرىنگلار ........................................ 41
قايدىسەن دىلدار ........................................ 44
كۇسۇتكە ........................................ 58
بولۇمسىز ستودېنت ........................................ 72
ئۆزۈك ........................................ 92
توغراقتا ئايلانغان ئادەملەر ........................................ 98

## نەسرلەر

ئۇلۇغ ئىنسان ........................................ 117

رەڭدار سۈرەتلەر (چاتما) ........................................ 118

مۇقەددەس مۇھەببەت ........................................ 125

ئاھ، پەرىشتەم ........................................ 129

يېنىمدىكى قۇياشلارغا ........................................ 132

سەن ... ........................................ 136

ئىزلىرىڭ بەرقىدە مەڭگۈ ھاياتسەن ........................................ 140

# ھېكايىلار

# كىچىكىپ كەلگەن خەت

پراكتىكىدىن مەكتەپكە قايتىپ كەلگىنىمگە ئىككى ئايدىن ئاشقان، ئوقۇغۇچىلىرىمدىن كېلىدىغان خەتلەرنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلەي دەپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ساۋاقدىشىم: «ئوقۇغۇچىڭىزدىن خەت كەپتۇ» دەپ ماڭا بىر كونۋېرتنى تۇتقۇزدى. كونۋېرتنىڭ ئۈستى تەرىپىگە مېنىڭ ئادرېسىم، ئاستى تەرىپىگە «×× ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى رىزۋان» دەپ يېزىلغان ئىدى. «رىزۋان» ئاتلىق بۇ ئوقۇغۇچىمنىڭ چىرايىنى دەماللىققا ئەسلىيەلمىدىم. پراكتىكا قىلغان ۋاقتىمىز 45 كۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن دەرس بەرگەن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بەك كۆپ بولغاچقا، ھەممىسىنى تونۇۋالغان بولسامۇ، يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ئىسمىنى تۇتۇۋالمىغان ئىدىم. كونۋېرت ناھايىتى قېلىن ئىدى، مەن زور قىزىقىش بىلەن كونۋېرتنى ئاچتىم. شۇئان چىرايلىق، دانە - دانە يېزىلغان سۆزلەر كۆزۈمگە چېلىقتى. خەتنى تېز - تېز ئوقۇپ چىقتىمۇ بىر خىل گاڭگىراش، ھاياجان ئىچىدە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. خەت مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

قەدىرلىك ئەنۋەر مۇئەللىم، ياخشىمۇسىز؟ تېنىڭىز سالامەت، ئۆگىنىشىڭىز ئۇتۇقلۇق، تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈللۈك كېتىۋاتامدۇ؟ مەن ئەزىز تېنىڭىزنىڭ مەڭگۈ سالامەت بولۇشىنى چىن كۆڭلۈمدىن تىلەيمەن.

ئەنۋەر مۇئەللىم، ئېھتىمال خېتىمنى تاپشۇرۇۋېلىپ ناھايىتى ھەيران قالغان بولۇشىڭىز ھەم رىزۋان ئاتلىق مەندەك بىر ئاددىي ئوقۇغۇچىڭىزنى

ئەسلىيەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. مەن سىنىپتا بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر قىز، باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىممۇ، ئارتۇقچىلىقىممۇ يوق. دېمەك، مېنىڭ ئاشۇنداق تېپتىنىچ، ئاددىي تۇرمۇشۇمغا، خىلۋەتتىكى كۆل سۈيىگە ئوخشاش جىمجىت تۇرغان قەلبىمگە سىز تۇيۇقسىز بۆسۈپ كىردىڭىز، خىلۋەتتىكى كۆل سۈيى بىردىنلا داۋالغۇپ كەتتى، قەلبىم ئازابقا تولدى. ئاخىر مەن ناھايىتى ئۇزاق ئويلىنىش ۋە بۇ چىدىغۇسىز ھەسرەتنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن، گەرچە مېنىڭ بۇ ئىشىم ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، سىز بىلەن بىللە بولغان ۋە سىز كەتكەندىن كېيىنكى ئىككى ئاي جەريانىدا تارتقان ئازابلىرىم مېنى بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر قىلدى.

مەن سىزنى دەسلەپتە كوچىدا تۆت - بەش ساۋاقدىشىڭىز بىلەن تاماق يېگىلى كېتىۋاتقاندا ( بىز شۇنداق پەرەز قىلدۇق ) كۆرگەن ئىدىم. سىز دوستلىرىڭىز بىلەن خۇشال كۈلۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ كېتىۋېتىپتىكەنسىز، بىز ئۈچ دوست يېڭى ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان قىزىقىش (سىلەرنىڭ مەكتىپىمىزگە كەلگەن پراكتىكانت ئوقۇتقۇچىلار ئىكەنلىكىڭلارنى بىلەتتۇق ) بىلەن سىلەرنى باھالاپ چىققان ئىدۇق. ئەتىسى سىزنى سىنىپ مەسئۇلىمىز باشلاپ كىردى ۋە تونۇشتۇرۇپ:

— بۇياق قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن كەلگەن پراكتىكانت ئوقۇتقۇچى، ئىسمى ئەنۋەر مەخسۇت. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ئەدەبىيات دەرسى بېرىدۇ ۋە قوشۇمچە سىنىپ مەسئۇلى بولىدۇ، — دېدى. سىز بىزگە ئىللىق كۈلۈمسىرەپ بېشىڭىزنى لىڭشىتىپ قويدىڭىز ۋە بۇنىڭدىن كېيىن يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتىڭىز. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، سىز تۇنجى سائەتلىك دەرسكە كىردىڭىز. ھەممىمىز سىزگە سىنچى كۆزلىرىمىز بىلەن تىكىلدۇق. سىز تەمكىنلىك بىلەن يوقلىما قىلىپ ۋە ئالدىنقى سائەتلىك دەرسنى سوراپ بولغاندىن كېيىن، يېڭى دەرسنى باشلىدىڭىز. چىرايىڭىز جىددىي تۈس ئالدى. نەۋائىنىڭ « تىل ھەققىدە » ناملىق شېئىرىنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى ئوقۇغىنىڭىزدا، قۇلاقلىرىمىزغا ئىشەنمىگەن ھالدا ئاغزىمىزنى كاماردەك ئېچىشىپ داڭ قېتىپ قېلىشتۇق. سىز تولۇق ئەدەبىي تەلەپپۇزدا شۇنچىلىك جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇدىڭىزكى، دەرسخانا

يىگىنە چۈشۈپ كەتسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە تىمتاسلىقتا چۆمدى . ئاۋۋالقى ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ تېكىست ئوقۇغان چاغدا ھە دېسە دۇدۇقلاپ ، جانسىز ئوقۇشلىرىغا كۆنۈپ قالغان ئوقۇغۇچىلارنى سىزنىڭ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازىڭىز بىردىنلا ھەيران قالدۇرغان ئىدى . ناھايەت بىر سائەت ۋاقىتمۇ تۈگىدى . سىز دەرسخانىغا مۇددەتلىك بومبىدىن بىرنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتىڭىز ، سىز دەرسخانا بوسۇغىسىدىن پۇتىڭىزنى ئېلىشىڭىز بىلەن تەڭ بۇ بومبا پارتلىدى — تالاش - تارتىش ، بەس - مۇنازىرە باشلاندى :

قالتىس ياخشى ئوقۇيدىكەن !

— ئاۋازىنىڭ جاراڭلىقلىقچۇ ؟

— قەيەرلىكتۇ ؟

— ئەتتەڭەي ، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ مۇشۇ مەكتەپكە كەلسىچۇ .

— قاپىقى سەل يامانمۇ ، قانداق ؟

قىسقىسى ، بىرىنچى سائەتلىك دەرستە سىز ئوقۇغۇچىلاردا ناھايىتى ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان ئىدىڭىز . مەن ھېچقانداق گەپكە قوشۇلماي ، چوڭقۇر ئىچكى ھاياجان ئىچىدە بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىمچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدىم . نېمىشقىكىن قەلبىمنى ساماۋى خىياللار ئىگىلىۋالغان ، كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ بىر دۇنيا گەۋدىلەنگەن ئىدى .

چۈشتىن كېيىن سىز يەنە كىرDIڭىز ۋە بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ، ئوقۇشى توغرىسىدا پاراڭلاشتىڭىز ( مەن سىزنىڭ مەندىنمۇ سوراپ قېلىشىڭىزنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغان ئىدىم ) ۋە دەرس ئىنتىزامى ، تازىلىق توغرىسىدا ئازراق سۆزلەپ چىقىپ كەتتىڭىز . شۇنىڭدىن كېيىن سىز كۈندە دېگۈدەك چۈشتىن كېيىنكى مۇزاكىرە ۋاقىتلىرىدا دەرسخانىغا كىرىپ بىز بىلەن پاراڭلاشتىڭىز . بىز سىزنىڭ قاپىقى يامان بولماستىن ، بەلكى ناھايىتى خۇش چاقچاق ، ئوچۇق كۆڭۈل ئىكەنلىكىڭىزنى بارا - بارا ھېس قىلدۇق .

سىز دەسلەپكى ئىككى سائەتلىك دەرسنى ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئۆز قەلبىمدە قانداقتۇر بىر خىل ھېسسىياتنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم . مەن بۇنى پەقەت ئەنۋەر مۇئەللىمگە بولغان زىيادە ھۆرمەت ھېسسىياتىمدىن مۇشۇنداق بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم . لېكىن ، نېمىش-

قىدۇر سىزگە گەپ قىلىشتىن خىجىل بولاتتىم ، سىزگە ئۇچراپ قېلىشتىن
قورقۇيتتىم ھەم دەرس ۋاقتىدا قول كۆتۈرۈپ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىنمۇ
خىجىل بولاتتىم . بىر قېتىم سىز كونسپېك دەپتەرلەرنى تەكشۈرۈپ مې-
نىڭ يېنىمغا كەلگەندە ، ناھايىتى ھودۇقۇپ كەتتىم ( سىز بۇنى
تۇيمىدىڭىز ) ۋە خاتىرەمنى ئېچىپ بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئالدىڭىزغا سۇرۇپ
قويدۇم . سىز خاتىرەمنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ :

— ياخشى ، سىز خېلى ئالدىدا ئىكەنسىز ، خېتىڭىزمۇ
چىرايلىقكەن ، — دېدىڭىز . مەن مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزىڭىزدىن ئىچ -
ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم ۋە نەچچە كېچە ئۇخلىيالمىدىم . بۇ خىل
ھېسسىيات كېيىنچە تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى . سىز كېيىنكى كۈنلەردە
دەرسخانىغا كىرىپ مىللەت ، ئەدەبىيات ، تارىخ ، خەلقئارا ۋەزىيەت ، غايە ،
ۋىجدان قاتارلىق تېمىلاردا ناھايىتى چوڭقۇر ، تەسىرلىك پىكىرلىرىڭىزنى
ۋە مۇلاھىزىلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەردىڭىز ۋە مەشھۇر شائىرلاردىن بايرۇن ،
گېنرىخ گېيىنى ، پۇشكىن ، ئابدۇللا ئارىپوۋ قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى
ئوقۇپ بەردىڭىز . مەن ئۆزۈمنى سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى ۋە سىز ئوقۇپ
بەرگەن شېئىرلارنى ئەڭ دىققەت بىلەن ئاڭلىغان ئوقۇغۇچى دېيەلەيمەن .
چۈنكى ، مەن ئەدەبىياتقا ئالاھىدە قىزىقاتتىم ، ھېكايە ، رومانلارنى كۆپ
ئوقۇيتتىم . شۇڭلاشقىمۇ ھېسسىياتچان ، رومانتىك ئىدىم . سىز بايرۇن قا-
تارلىقلارنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئوقۇپ بەرگەندە ، مەن شۇنچىلىك
ھاياجانلىنىپ كەتتىمكى ، خۇددى بۇ شېئىرلار ماڭىلا ئاتاپ ئوقۇلۇۋاتقان-
دەك يۈرىكىم ئەنسىز دۈپۈلدەپ ، بەدىنىم ياپراقتەك تىترەپ كەتتى . سىز
مېنىڭ قەلبىمدە تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدىڭىز . بۇنىڭ بى-
لەن سىزدىن تېخىمۇ تارتىنىدىغان ، ئۆزۈمنى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تېخىمۇ
ئاددىي ، ئەرزىمەس چاغلايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتىم .

ئېسىڭىزدىمۇ ، بىر قېتىم سىز دەرسخانىدا ئوقۇغۇچىلارغا تېكىست
ئوقۇتۇۋاتاتتىڭىز ، ھەربىر ئابزاس ياكى بۆلەك تۈگىگەندە ئوقۇغۇچىلارنى
ئالماشتۇرۇپ ئوقۇتاتتىڭىز ، مەن كىتابقا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكۈپ
كېتىپتىمەن . سىز تۇيۇقسىزلا :

— قېنى ، سىز ئوقۇڭ ، — دېدىڭىز . چۈنكى ، سىز ئىسمىمنىمۇ
بىلمەيتتىڭىز . مەن ھودۇقۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، كىتابنى ۋاراقلاپ ئوقۇپ

كېلىنگەن جايىنىڭ داۋامىنى ئىزدەشكە باشلىدىم. سىز كۈتمەيلا:
— بولدى، دەرس ۋاقتىدا دىققەت قىلىڭ، — دەپلا باشقا ئوقۇغۇچىغا ئوقۇتتىڭىز. مەن قاتتىق ئازاب ئىچىدە قالدىم، بولۇپمۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرۇپ قالغانلىقىمغا قاتتىق خىجىل بولدۇم. كەچتە ئۆيگە بېرىپ قانغۇچە يىغلىدىم.
مەن دەرس ۋاقىتلىرىدا، مۇزاكىرە ۋاقىتلىرىدا سىزگە تويماي قارايتتىم. سىزنىڭ ئاق يۈزىڭىز، سارغۇچ چاچلىرىڭىز، كېلىشكەن قامەتىڭىز ماڭا شۇ قەدەر سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى. دەرس سۆزلىگەن چاغدىكى جىددىي ھالىتىڭىز، ھەربىر قول ھەرىكىتىڭىز، ھەربىر ئېغىز سۆزىڭىز يۈرىكىمگە مۆھۈردەك بېسىلاتتى. مۇھەببەت دېگەن نېمە؟ ياخشى كۆرۈش دېگەن نېمە؟ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىممۇ؟ زادى قەيېرىڭىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم؟ مەن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيتتىم. پەقەت داۋاملىق سىزنى خىيال قىلاتتىم، سېغىناتتىم. ئەتراپىمدىن، مەكتەپنىڭ ھەممىلا يېرىدىن سىزنى ئىزدەيتتىم. سىزنى كۆرۈش ئىستىكىدە پۇچىلىناتتىم. دەرسخانىدا، تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا ئوقۇغۇچىلار ئەتراپىڭىزغا ئولىشىۋېلىپ سىزدىن ئۇنى ـ بۇنى سورىشاتتى، سىزگە چاقچاق قىلاتتى. مەنمۇ سىزدىن نۇرغۇن سوئاللارنى سوراشقا، سىزگە گەپ قىلىشقا تەمشىلەتتىم، بىراق يەنىلا جۈرئەت قىلالمايتتىم، چاندۇرۇپ قويۇشتىن، ئالدىڭىزدا ھودۇقۇپ قېلىشتىن قورقۇيتتىم. سىزنى ماڭا بىر قاراپلا ئىچ سىرىمنى بىلىۋالىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. شۇڭا، بىر چەتتە بويۇن قىسقىنىمچە سىزگە تەلمۈرۈپ تۇراتتىم ۋە ئەتراپىڭىزدا يۈرگەن ساۋاقداشلىرىمغا ھەسەت قىلاتتىم. سىز بۇنى پەقەتلا سەزمەيتتىڭىز.
بولۇپمۇ سىز بىلەن بىللە بولغان ئاخىرقى بىرنەچچە كۈن مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. سىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش تەلىپىگە قوشۇلدىڭىز ۋە بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سۈرەتچىنى باشلاپ كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى سەپكە تۇرغۇزدىڭىز. مەن نەدە تۇرۇشۇمنى بىلەلمەي تۇراتتىم، سىز مېنىڭ چەتتە تۇرۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ:
— سىز بۇ يەردە تۇرۇپسىزغۇ؟! ئەڭ ياخشىسى ئوتتۇرىدا تۇرسىڭىز بولغۇدەك، — دېدىڭىز ـ دە، ئورەمدىن يېنىمغا تۇتۇپ، مېنى

ئوتتۇرىغا ئەكېلىپ تۇرغۇزۇپ قويدىڭىز. شۇ بىرنەچچە سېكۇنتنى ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك پەيت دېيەلەيمەن. قولىڭىز مۈرەمگە تەگكەن شۇ بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدە بەدىنىمگە توك ئۆتۈپ كەتكەندەك بىر خىل ئوتلۇق سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تارىدى. بۇ كۈنى مەن ئۆزۈم ئەڭ چىرايلىق دەپ قارىغان كىيىمىمنى كىيىپ كەلگەن ئىدىم، شۇڭا ھەممە ئوقۇغۇچى ماڭا قاراۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قاتتىق خىجىل بولدۇم. شۇنداقتىمۇ نەچچە كۈنگىچە سىز يەنىلا مۈرەمنى تۇتۇپ تۇرغاندەك ھاياجانلاندىم. شۇ ئارىدا يېنىمدىكى ساۋاقداشلىرىمدىن بىرى:

— مۇئەللىم، سىز ئوتتۇرىدا تۇرسىڭىز بولامدۇ؟ — دېدى. سىز:

— بولدى، مەن مەشەدە ئولتۇرۇۋېرەي، — دەپ ئالدىنقى رەتتىكى ئەڭ كىچىك ساۋاقدىشىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردىڭىز. شۇ مىنۇتتا سىزنىڭ ئوتتۇرىدا — مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشۈشىڭىزنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم - ھە!

ئەتىسى ساۋاقداشلارنىڭ پۇل يىغىشى ۋە سىزنىڭ تەشكىللىشىڭىز بىلەن خوشلىشىش ئولتۇرۇشى قىلدۇق. مەن بۇ كۈنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. سىز توق كۆك رەڭلىك شىم - كاستۇم كىيىپ، بىر قولىڭىزدا ئۈنئالغۇ، يەنە بىر قولىڭىزدا گىتار كۆتۈرۈپ دەرسخانىغا كىرگىنىڭىزدە، ئوقۇغۇچىلار چۇرقىرىشىپ قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ كېتىشتى. كەينىگە تارالغان سارغۇچ چېچىڭىز، گالستۇك تاقالغان ئاپئاق كۆڭلىكىڭىز سىزنى تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن گويا سىزنى بىر يىل كۆرمىگەندەك، سىزگە مەستانىلەرچە تەلمۈردۈم. سىز خۇشخۇيلۇق بىلەن:

— سىلەر ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنى رەتلەپ تۇرۇڭلار، مەن بازاردىن ئولتۇرۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرەي، — دەپ بىرنەچچە ئوغۇلنى باشلاپ سىرتقا ماڭدىڭىز. شۇ چاغدا ساۋاقدىشىم گۈلنۇر:

— مۇئەللىم، مېنىڭ تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىدا مال ساتقۇچى ھەدەم بار، مەنمۇ چىقايمۇ؟ — دېدى. سىز ماقۇل بولدىڭىز. مەن شۇ چاغدا نېمىشقا مېنىڭمۇ مال ساتقۇچى ھەدەم بولمىغان بولغىيتتى دەپ قاتتىق ئۆكۈندۈم. بىر تەرەپتىن سىز بىلەن سىرتقا چىققۇم كەلگەن

بولسا ، بىر تەرەپتىن گۈلنۇرغا ئۆچلۈكۈم كەلدى .

ئۇ كۈنى ئولتۇرۇش ناھايىتى قىزىدى . سىز ئۇسسۇل ، دىسكو ئويناپ بەردىڭىز ، قىزىقچىلىق قىلىپ بەردىڭىز ، ئوقۇغۇچىلارنى ناخشا ئېيتقۇزدىڭىز . ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى خۇشال ئولتۇرۇشتى . مەن پۈتۈن ئولتۇرۇش داۋامىدا سىزدىن بىر مىنۇتمۇ كۆزۈمنى ئۈزمىدىم ، سىزگە بولغان ئامراقلىقىم ھەسسىلەپ ئاشماقتا ئىدى . ئاخىرىدا سىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن گىتار چېلىپ ، بىرنەچچە ناخشا ئېيتىپ بەردىڭىز . ئاخىرقى ناخشىنى ئېيتقان ۋاقتىڭىزدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىپ ، تەسۋىرلىگۈسىز قايغۇ يۈرىكىمنى پارە - پارە قىلىۋەتتى . بارماقلىرىڭىز ھەر قېتىم گىتار تارىسى ئۈستىدە سىيرىلغاندا ، كۆز ياشلىرىم مارجاندەك تۆكۈلدى . بۇ ناخشا خۇددى ماڭىلا مەنسۇپتەك ، خۇددى ماڭىلا قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى . ھېلىمۇ ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى ماڭا دىققەت قىلمىدى . بېشىمنى ساڭگىلىتىپ ، كۆز ياشلىرىمنى سۈرتىۋەتتىم . ناخشا ئاخىرلاشتى ، سىز ئاستا ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ گىتارنى قويدىڭىز . ھەممىمىز سىزگە ئۈنسىز تىكىلگەن ئىدۇق . يۈرەكنى ئەزگۈچى ئېغىر سېكۇنتتىن كېيىن سىز ئاستا ئېغىز ئاچتىڭىز :

— ئىنىلىرىم ، سىڭىللىرىم ( تىترەپ چىقىۋاتقان ھاياجانلىق ئاۋازىڭىزدىن يۈرىكىم شۇررىدە ئېرىپ كەتتى ) ، مەن بۇ يەرگە كەلگىلى بىر ئايدىن ئاشتى . دىلىڭلارنى رەنجىتىپ قويغان يەرلىرىم بولغان بولسا ، مېنى ئەپۇ قىلىڭلار . سىلەر بىلەن ئاكا - ئۇكىدەك ئۆتۈشۈپ ، ئەمدىلا سىرداشلاردىن بولۇپ قالغاندا ئايرىلىدىغان بولدۇق . خەير ، مېنىڭ ئاخىرقى سۆزۈم شۇكى ، ياخشى ئۆگىنىڭلار ، ھازىر بىلىمدىن باشقا نەرسە ئەسقاتمايدۇ . مېنىڭ دەيدىغان سۆزۈم شۇ . سىلەر ئادرېسىمنى ئۇقىسىلەر ، ماڭا خەت يېزىشنى ئۇنتۇماڭلار . مەن سىلەرگە خەت يېزىپ تۇرىمەن . خوش ئەمىسە ، تېنىڭلار مەڭگۈ سالامەت بولسۇن ، — دېدىڭىز - دە ، سىنىپتىن چىقىپ كەتتىڭىز . ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كەينىڭىزدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ : « خوش مۇئەللىم ! خوش مۇئەللىم ! » دەپ ئۇزىتىپ قېلىشتى . سىز ۋەزمىن قەدەم تاشلاپ گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا كۆزدىن غايىب بولدىڭىز . « خوش مۇئەللىم ! » دېگەن سادا يىراق - يىراقلاردا جاراڭلايتتى . « خوش » مەن قەلبىمدىن ئۈنسىز نىدا قىلدىم ، كۆز يېشىم

تارامالاپ تۆكۈلمەكتە ئىدى. سىزنى يۇتۇپ كەتكەن قاراڭغۇلۇققا تىكىلگىنىمچە ھەيكەلدەك تۇرۇپ قالدىم. مەن نېمىشقىدۇر سىزنى كەتمەيدىغاندەك، يەنە قايتىپ كېلىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم، خېلى كۈنلەرگىچە مۇشۇنداق شېرىن خىياللاردا ئەللەيلىنىپ يۈردۈم. سىزنى تۇيۇقسىزلا دەرسخانا ئىشىكىدىن كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كېلىدىغاندەك، كوچىدا ئۇچراپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. مەن سىزگە ئاتاپ كۆز ياشلىرىم بىلەن ئىشلەپ پۈتكۈزگەن قولياغلىقنى ۋە چوڭ ئانامدىن ماڭا مىراس قالغان بىر دانە يېشىل قاشتېشىنى تەييار قىلغان ئىدىم، لېكىن ئاخىرقى پۇرسەتمۇ قولدىن كەتتى. كەچتە ياتىقىڭىزغا ئەكىرىپ بېرىشنى ئويلىغان بولسامۇ، يەنىلا جۈرئەت قىلالمىدىم.

قەدىرلىك مۇئەللىم، ئەمدى سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك، ئىچىم سەل بوشىغاندەك بولدۇم. ئەگەر بۇ بىغۇبار، ھەسرەتلىك ئەقىدەمنى سىزگە زاھىر قىلالماي ئۆتۈپ كەتكەن بولسام، نەقەدەر ئېچىنارلىق ئىش بولاتتى - ھە! ئەڭ پاجىئەلىك يېرى شۇكى، سىز ماڭا قىلچە دىققەت قىلمىغان، بىر ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت جەريانىدا ماڭا پەقەت ئۈچ ئېغىزلا گەپ قىلغان ئىدىڭىز. بىراق، سىزنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىڭىز، تەمكىن قىياپىتىڭىز ماڭا ھەر مىنۇت ھەمراھ بولۇپ كەلدى. مانا سىز 45 كۈنلۈك ھاياتىڭىزنى ئۆتكۈزگەن شۇ چەت ناھىيىدىكى بىر غېرىب خانىدە مەن چەكسىز جۇدالىق ئىلكىدە كىچىككىنە گەۋدەمنى ئۇستەلگە تاشلاپ، ئېڭىكىمنى يۆلەپ ئولتۇرماقتىمەن. ئالدىمدىكى ئاجىز پىلىلداپ تۇرغان شاممۇ ماڭا ئوخشاشلا ياش سىرغىتماقتا، مەنمۇ مۇشۇ شامغا ئوخشاشلا بارا - بارا كۆيۈپ، سىرغىپ تۈگەرمەنمۇ؟ مېنىڭ پېشانەمگە مۇشۇنداق كىچىككىنە تۇرۇپلا دەرد تارتىش پۈتۈلگەنمىدۇ؟ بۇ رەھىمسىز تەقدىر نېمىشقا مېنى سىز بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويىدۇ؟ چەكسىز ئازاب ئىلكىدە ئوتتىكى قىلدەك تولغىنىۋاتقان مۇشۇ دەقىقىلىرىمدە، سىز نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانسىز؟ كىملەرنى ئويلاۋاتقانسىز؟

قەدىرلىك ئەنۋەر مۇئەللىم، سىز بەلكىم يۇقىرىقىلارنى ئوقۇپ «ئۆتكۈنچى ھېسسىيات، باللارچە خىيال» دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر مۇشۇنداقلا ئويلىغان بولسىڭىز، ماڭا ھاقارەت قىلغان بولىسىز. مەنمۇ شۇنداق بولۇشنى تىلەپ غايەت زور چىدام بىلەن ئۆزۈمگە ئەھدە

قىلغان ئىدىم . بىراق ، زادى بەرداشلىق بېرەلمىدىم . ئىككى ئايدىن بۇيانقى تارتقان ئازابلىرىمنى خۇدا ھېچكىمگە كۆرسەتمىسۇن . تاماق ۋە ئۇيقۇدىن قېلىپ ، دەرستە كۆپ چېكىنىپ كەتتىم . كېچىلىرى ئىسمىڭىزنى توۋلاپ جۆيلۈپ ئويغىنىپ كېتىمەن ، كۈندۈزلىرى داۋاملىق سىز بىلەن خىيالىي مۇڭدىشىمەن . ئاخىر قاتتىق ئازاب ئىلكىدە بۇ خەتنى يازدىم .

مۇئەللىم ، مەن سىزدىن ھېچقانداق نەرسە كۈتمەيمەن ، سىز بىر يىلدىن كېيىن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ يىراقتىكى يۇرتىڭىزغا كېتىسىز ، مەن سىزنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ مۇشۇ يەرگە تەقسىم قىلىنىشىڭىزنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم ـ ھە ! ئەمدى سىزنى مەڭگۈ كۆرەلمەيمەن . مېنىڭ پاك ، تۇنجى مۇھەببىتىم چېچەك ئاچماي سولىشىدىغان بولدى . مېنىڭ ئۈمىدىم پەقەت ناھايىتى يىراقتىكى بىر قىزنىڭ ، ئوتتىڭىزدا كۆيگەن ، سىزنى سەمىمىي سۆيگەن بىر قىزنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا بولدى . مۇشۇنداق بىر قىز بار ئىدى دەپ ئەسلەپ قويسىڭىزلا ، ماڭا شۇ كۇپايە . ئاخىرىدا خالىسىڭىز ، ئازابىمنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتەي دېسىڭىز ، بىر پارچە يالغۇز چۈشكەن سۈرىتىڭىزنى ئەۋەتىپ بەرسىڭىز ، مەن شۇ سۈرەتكە ھەمراھ بولۇپ مەڭگۈ تەنھا ئۆتۈشكە رازى .

خەير مۇئەللىم ، تېنىڭىزگە مەڭگۈ سالامەتلىك تىلەيمەن .

بەختسىز ئوقۇغۇچىڭىز رىزۋان .

19×× ـ يىل 20 ـ دېكابىر ، كېچە .

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ بىرھازا داڭ قېتىپ ئولتۇرۇپ قالدىم . غايەت زور بىر تاش يەلكەمنى بېسىپ تۇرغاندەك ھارغىن ھالەتتە ئاستا مېڭىپ ياتاققا كىرىپ ، ساندۇقۇمدىن ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتنى ئالدىم . رىزۋان ئوتتۇرىدا خىيالچان كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە تۇراتتى . توغرا ، بۇ زىلۋا ، ئاق سېرىق كەلگەن ، قارا كۆزلۈك ، غەمكىن قىز شۇ ئەمەسمۇ ؟ مەن ئەجەب ئۇنىڭغا زەن قويماپتىمەن ـ ھە ! بىر خىل بىئاراملىق يۈرىكىمنى قۇرتتەك غاجاپ مېنى ئازابلىماقتا ئىدى . ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك ؟ ھەسرەتلىك گاڭگىراش ئىچىدە سۈرەتكە تىكىلگىنىمچە ئۈنسىز ئولتۇرۇپ قالدىم .

# ھالقىش

سورۇن بارغانسېرى قىزىماقتا، كەيپىيات يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئەتراپتىكى دوستلىرىم قىزغىن چاقچاقتا چۈشۈپ كېتىشتى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر كەيپىياتىم ياخشى بولماۋاتاتتى، ئاچچىق هاراق مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى. ماڭا بېغىشلانغان مەدھىيىلەر گويا ھەر خىل شەكىلدە ئېچىلىپ ـ يۇمۇلۇۋاتقان ئېغىزلاردىن، پۈرۈشۈپ ـ ئېچىلىۋاتقان چىرايلاردىن تۆكۈلۈۋاتقان مۇز پارچىلىرىدەك تۇيۇلماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز ئۆزۈمنى شۇنچىلىك يالغۇز، يەككە ـ يېگانە ھېس قىلدىم. ئالدىمدا ماڭا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ئوماق سۆيگىنىمنىڭ مېھرـ لىك چىرايى بىردىنلا ناھايىتى يات ۋە ناتونۇش بىلىندى. ئۇنىڭ سۈپسۈزۈك يۈز تېرىسى بىردىنلا سۇلياۋغا ئوخشاش يىرتىلىپ، ئەينەككە ئوخشاش چېقىلىپ، ئۇنىڭ ئاستىدىن ناتونۇش، مەسخىرە ئويناپ تۇرغان كۆزلەر پەيدا بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىمەن؟ دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، ياندىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتىم. ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا ئۆرلەپ، كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز تۆكۈلدى. زادى نېمە ئۈچۈن يىغلايمەن، نېمە ئۈچۈن ھەسرەت چېكىـ مەن؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. بىر چاغدا ئاغىنەم كىرىپ كەلدى:

— ھوي ئۆمەر، سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى ئۆتكۈزۈۋاتساق، بۇ يەردە مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ، جۆرە...

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە قولۇمدىن تارتىپ مېنى سورۇنغا ئېلىپ

كـىـردى . كۆز ئالدىم خىرەلىششكە ، تۇمانلىششقا باشلىدى . تەخسىدىكى بىـلـىـق بىردىنلا تىرىلىپ ئاغزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقىنىچە پىلتىڭلىغىلى تۇر-دى . لىـېگـەنـدىـكـى قـوي گـۆشىمۇ تۇيۇقسىز بىر پۈتۈن قويغا ئايلىنىپ ، ئۈستەلدىكى قورۇمىلارنى ئىشتىها بىلەن يېيىشكە باشلىدى . دوستلىرىم 24 تـال شـام سـانـجـىـلـغان تورتنى ئېلىپ كىردى ۋە مېنى شاملارنى پۈۋلەپ ئۆچـۈرۈشـكە مەجبۇرلىدى . ئورنۇمدىن ئاستا قوپۇپ جىمجىت تۇرۇپ قال-دىـم . ئاھ خـۇدا ، نـېـمـىشقا ئۆز ھايات شامىمنى ئۆزۈم ئۆچۈرىدىكەنمەن ؟ ئۇلار نـېـمىشقا مېنى ئۆلۈمگە ئىتتىرىدىغاندۇ ؟ ئۇلار مېنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ھەدەپ چۇرقىراشقىلى تۇردى :

— تېز بوله .

— تېز پۈۋلىمەمسىز ...

ئۇلار مـېـنـىـڭ شـامـىمنىڭ ئۆچۈشىگە تەقەززا بولۇۋاتامدىغاندۇ ؟ مـۇشـۇ ئارقـىـلىق خۇشاللىنامدىغاندۇ ؟ چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بار كـۈچـۈمـنـى يـىـغـىـپ قاتتىق پۈۋلىدىم ، ئۆي بىردىنلا زۇلمەتكە چۆكتى . ئۆلـۈم ... ئۆلـۈم ... ئۆلۈم ... كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلدى . ئۇلار چۇر-قـىـرىـشـىـپ تـەنـتەنە قىلىشتى . خۇددى سوغۇق لەھەت ئىچىدە مۇنكىر ـ نەكىرلەرنىڭ قىيىن ـ قىستىقىغا دۇچ كېلىۋاتقاندەك سىقىلدىم . مانا ، ئۇلار تـورتـنـى پـارچىلاشقا ، ھاياتىمنى پارچە ـ پارچە قىلىشقا باشلىدى . تورت-نـىـڭ كـىـچـىـكـكـىـنە قىپقىزىل گۈل قوندۇرۇلغان بىر پارچىسىنى مېنىڭ ئالـدىـمـغـا ، شـۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر پارچىسىنى سۆيگىنىمنىڭ ئالدىغا قـويـۇشتى . سۆيگىنىم پەخىرلىنىش ، ئېيتىخارلىنىش تۇيغۇسى بىلەن مەن تـالاي قېتىم سۆيگەن نازۇك ، ھارارەتلىك ، يۇمران لەۋلىرىدە تورتنىڭ بىر پـارچـىسىنى — ھاياتىمنىڭ بىر پارچىسىنى پاك ـ پاكىز يەۋەتتى . ئۇنىڭ قـىـپـقىزىل لەۋلىرى ماڭا قان تامچىلاۋاتقاندەك كۆرۈندى . ئۇلارنىڭ ھەم-مـىـسـى مـېـنـىـڭ پـارچىلانغان تېنىمنى بىر پارچىدىن يېيىشتى . ئالدىمدا بـىـرپـارچە تورت قېپقالدى . ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كىچىككىنە گۈل بارغانچە قـىـزارمـاقـتـا ، بـارغانچە جۇلالانماقتا ئىدى . ئۇلار مېنى تورتنى يەۋېتىشكە

دەۋەت قىلدى . قارىغاندا ، ئۇلار مېنى يەپ تويگەتمىگۈچە توختىمايدىغاندەك قىلاتتى . بولدىلا ، يەۋېتەي ، ئۆزۈمنىڭ تەمى قانداقكىن ؟ ئۆز بۆلىكىمنىڭ ئۆزۈمگە قوشۇلۇشى بىلەن تەسەۋۋۇرۇمنى تېخىمۇ غەلىتە خىياللار قاپلاشقا باشلىدى .

سۆيگىنىمنى ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم . يول بويىدىكى قاتار كەتكەن بوتكىلار چوقچىيىپ تۇرغان قەبرىلەردەك ، سۇس قىزىرىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن قانلىق يۈرەكتەك ، چىراغ نۇرىدا يالىلداپ تۇرغان ئاسفالت يول كۆز يېشى بىلەن تولغان ئېقىندەك كۆرۈندى . ۋېلسىپىت مىنىپ كېتىۋېتىپ سۆيگىنىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھازىرقى ئورنى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم : مەن داۋاملىق ئۇنى ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ بىر ياقلارغا ئېلىپ ماڭىمەن ، ئۇنداقتا ۋېلسىپىتنى تەقدىرنىڭ ھارۋىسىغا ئوخشاتساق ، ئۇ بۇ ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان خوجايىنغا ، مەن ھارۋىنى سۆرىگۈچى ئېشەككە ئايلىنىپ قالامدىمەن ؟ ئۇ مېنىڭ تەقدىرىمنى باشقۇرۇۋاتامدۇ ياكى مەن ئۇنىڭ تەقدىرىنى سۆرەپ كېتىۋاتىمەنمۇ ؟ بىر ھارۋىدا ئولتۇرۇپ بىر يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتقان ، بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلىنىپ قالغان بۇ ئىككى جانلىقنىڭ روھىي دۇنياسى ، ئوي ـ خىيالى ، مىجەز ـ خاراكتېرى باشقا ـ باشقا بولسا ـ ھە ! خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ دوقمۇشتىن قايرىلىشىمغا ، ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان بىر ئاپتوموبىل يېنىمدا قاتتىق تورمۇز قىلىپ توختىدى .

ـــ ۋاي ، ئۆمەر ...

سۆيگىنىم ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى . مەن ماشىنىغا قاراپ پىچىرلىدىم : « ئەخمەق ، مېنى نېمە ئۇچۇن بەختتىن مەھرۇم قىلىسەن ، بېسىپ ئۆتۈپ كەتسەڭ بولمامدۇ ؟ » ئاۋازىم ئۇنلۇك چىقىپ كەتتى .

ـــ نېمىدېدىڭىز ؟ ـــ ئۇ ۋېلسىپىتنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ مەندىن سورىدى . مەن « ھېچنېمە » دەپ قويۇپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم . خىيالىمدا مېنى ئاپتوموبىل بېسىپ ئۆتۈپ كەتكەن كۆرۈنۈش گەۋدىلەندى:

يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانغا مىلەنگىنىمچە سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدىم. يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر كۆرۈپ: «ۋاي ئىسىت، ئەجەب ساغلام ئېشەككەنتۇق، كىمنىڭ ئېشىكىدۇ؟» دەپ ئىچ ئاغرىتىشتى. سۆيگىنىم: «ۋاپادار ئېشىكىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، ئەمدى باشقا ئېشەك تاپاي» دەپ، ماكچىيىپ كەتكەن تەقدىر ھارۋىسىنى سۆرىگىنىچە مېڭىپ كەتتى...

سۆيگىنىمنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشتۈم ۋە ۋېلىسىپىتنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۈنسىز تۇرۇپ قالدىم. يەنە شۇ چاقناۋاتقان قاپقارا بىر جۈپ كۆز، سۈپسۈزۈك، سۆيۈملۈك چىراي... ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئاستا قولۇمنى قويدۇم.

— مېھراي، جېنىم مېھرام، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بىراق بىراق، سىز مېنى چۈشەنمەيسىز... ئاھ خۇدا، بولدى خوش...

كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا مېڭىپ كەتتىم.

— ئۆمەر، نېمە بولدىڭىز؟

ئۇنىڭ ئىلتىجالىق ئاۋازى قايغۇلۇق ھاۋانى يېرىپ ئۆتۈپ قۇلىقىمغا ئۇرۇلدى. قىزىق، مېنى چۈشەنمەيسىز؟ دۇنيادا كىم سىزنى چۈشىنىدۇ؟ دۇنيادا زادى كىم بىر - بىرىنى چۈشىنىدۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. سەن ئۆزۈڭنى قىلچە چۈشەنمەيۋاتقان يەردە، باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىنمۇ؟ كوچا سوغۇق، چىراغلار سوغۇق، يۈرىكىم سوغۇق، ھەممە نەرسە سوغۇق ئىدى. سوغۇق مۇھىتتا چاپىنىمغا مەھكەم ئورىنىپ يالغۇز كېتىۋاتاتتىم، پىيادىلەر يولىدا يېيىلىپ ياتقان سارغۇچ غازاڭلارنىڭ سۇس ئىڭراشلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلانغاندەك بولدى. بىر تال يوپۇرماقنى قولۇمغا ئېلىپ يۈزۈمگە، كېيىن كۆكسۈمگە باستىم. يوپۇرماقنىڭ مۇزدەك يۈزى خۇددى مېنىڭ مۇزدەك يۈرىكىمگە ئوخشاش ئاجىز تىترەيتتى. ئالدىمدىن بەش - ئالتە مەست چىقىپ كەلدى، ئۇلار ھەدەپ ۋارقىرايتتى. تۇيۇقسىز ئۇلار مىسكىن يۈرىكىمنى كوچىدىكى غازاڭلارنى دەسسىگەندەك دەسسەپ چەيلەۋاتقاندەك، يۈرىكىم پەريادلىق ئىڭراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يۈرىكىمنى دەسسەۋاتقان

زادى كىم ؟ ئۇلارمۇ ، مەنمۇ ياكى مېھرايمۇ ؟

ئۆزۈمنى يۈرەكسىز تەسەۋۋۇر قىلدىم . ئەپسۇس ، تاشقى دۇنيانى ھېس قىلىشۋاتقان كۆزۈم ، بۇرنۇم ، قۇلىقىم ھېلىھەم ئازابنى سۈمۈرمەكتە . توغرا ، ئەگەر باشسىز بولسامچۇ ؟ كاستۇمۇمنى كىيىپ ، باشسىز بوينۇمغا گالستۇكنى تاقاپ كوچىغا چىقسام ، خەقلەر قانداق ئويلاپ قالار ؟ ئەگەر ھەممە كىشى مۇشۇنداق بولسىچۇ ؟ ھېچ نەرسىنى كۆرمىسەم ، ھېچ نەرسىنى سەزمىسەم ، ھېچ نەرسىنى ھېس قىلمىسام ... ئاھ خۇدا ، بۇ يەنە ئۆلۈمدىن ئىبارەتقۇ ؟! ئۆلۈم ... ئۆلۈم ... ئۆلۈم ... ئۆلۈۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس ، لېكىن ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئاقىۋەت بەك قورقۇنچلۇق بولامدۇ - قانداق ؟ جانسىز مۇردىغا ئايلىنىپ دوزاخ ئوتىدا كۆيسەك ، قۇرت - قوڭغۇزلارغا يەم بولساق ، ياق - ياق ... ھېلىمۇ كۆيۈۋاتقىنىمىز ئازمۇ ؟ ھېلىمۇ كۈندە كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىۋاتىمەنغۇ ؟! مەن ئۇچۇن دۇنيادىكى ئەڭ ئىللىق جاي بولغان كارىۋىتىمغا قايتىپ كەلدىم . ئىسسىق يوتقان ئىـ چىدە قىپيالىڭاچ ياتماقتىمەن . تۇيۇقسىز تېنىمنىڭ ھەربىر پارچىسى ئايرىم- ئايرىم ئۆزۈلۈپ ، قالايمىقان ئۇچۇشقا باشلىدى . مانا ، قولۇم ، پۇتۇم ، سۆڭگىچىم ئۇچماقتا . توغرا ، ئەگەر كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان قۇشقا ئايلىـ نىپ قالسامچۇ ؟ قۇشلارنىڭ دەردى يوقمىدۇ ؟ بىپايان ئاسماندا ئۇياقتىن بۇياققا غەمسىز ئۇچۇپ يۈرسەم . ياق ، ياق ، قۇشلارمۇ خاتىرجەم مۇھىتقا ، ئىللىق ئۇۋىغا ، دائىملىق يېمەكلىككە موھتاج بولىدۇ . بۇ نەرسىلەر ئۇلارغا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرمايدۇ - دە . توغرا ، بىرەر ھايۋانغا ئايلىنىپ قالسامچۇ ؟ مەسىلەن ، بىرەر موزاي ياكى كۈچۈككە . موزاي بولسام ، ئىگەم مېنى ئىللىق ئېغىلغا سولاپ قويۇپ ئەتىدىن كەچكىچە باقسا ، يېگەن نەرسىلىرىمنى كۆشەپ ھېچقانداق ئىش قىلماي ياتسام ... ئاندىن سەمرىپ كەتسەم ... ئاھ خۇدا ، بۇ چاغدا ئۇلار چوقۇم مېنى ئۆلتۈرۈشىدۇ ... شۇ تاپتا پۇت - قولۇم مەھكەم باغلىنىپ ، بوزۇم قىبلىگە قارىتىلدى - دە ، قاسساپنىڭ يوغان پىچىقى بويىنۇمغا رەھىمسىزلەرچە سۈرۈلۈپ كەلدى ، قېنىم شارىلداپ ئېقىشقا باشلىدى ، كۆزۈم دۇنياغا نەپرەت بىلەن

تىكىلگىنىچە ھەرىكەتسىز قېتىپ قالدى. ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈشكەندىن كېيىن تېرەمنى سويۇپ، ئەيلەپ ناغرا ياساشتى. تېرەم سۈپسۈزۈك بولغاچقا، شۇنداق كۆركەم، چىرايلىق ناغرا پۈتۈپ چىقتى. ناغرا توقمىقى ھەر قېتىم ناغرا گەردىشىگە كىيدۈرۈلگەن تېرەمگە ئۇرۇلغاندا، مەن «ۋايجان، ۋايىيەي» دەپ ۋايساپ چىقاتتىم. كىشىلەر: «بۇ ئاۋازى بەك ساز ناغرىكەن» دەپ ماختاپ كېتىشتى. ئەگەر تېرەمدىن خۇرۇم چاپان ئىشلەنسىچۇ؟ مېنىڭ تېرەمدىن ئەڭ سۈپەتلىك بىر ئايالچە خۇرۇم چاپان ئىشلەنسە، بۇ چاپاننى كىيىمگە ئامراق سۆيگىنىم مېھراي قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ كىيىپ، كەچلىرى باشقا يىگىتلەر بىلەن بىرگە بولسا ... ئاھ خۇدا، بۇ ئازابقا مەن قانداق چىدايمەن، قانداق چىدايمەن ... ياق - ياق، مەن ھەرگىز موزاي بولمايمەن، ئۇ چاغدا مەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنە مەڭگۈ ئازابلىنىۋېرىدىكەنمەن. دوزاخ ئازابى دېگەن مۇشۇمىدۇ؟

مانا، ئىسسىق يوتقان ئىچىدە قىپيالىڭاچ ياتماقتىمەن. ۋۇجۇدۇمدىكى ھەربىر ئەزانى، ھەربىر ھۈجەيرىنى ئاستا - ئاستا، تەپسىلىي سىلاپ چىقتىم. نېمىدېگەن راھەت! ئۆز تېنىدىن يالغۇز ھۇزۇرلىنىش نەقەدەر راھەت - ھە! بولدى، يۈرەكسىزمۇ بولماي، باشسىزمۇ بولماي، قۇشمۇ بولماي، موزايمۇ بولماي، پەقەت ئۆز - ئۆزۈمگە ھەمراھ بولۇپ، ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىپ، ئىسسىق كارىۋىتىمدا گىرىمسەن خىياللارغا ھەمراھ بولاي، مەڭگۈ چۈش دۇنياسىدا ياشاي، مەڭگۈ تۈگۈلگەن كۈنۈمدە ياشاي ...

# چىۋىن

قاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلغان مەرھۇم دوستۇم توغرۇلۇق ئەسلىمە يېزىپ قويۇشنى ئۇزاقتىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتقان بولسامۇ، خىزمەت ئالدىراشلىقى ۋە تۇرمۇش قاتىلاڭچىلىقى تۈپەيلىدىن ۋاقىت چىقىرالمىغان ئىدىم. بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنۈمدىن پايدىلىنىپ بىرنەرسە يېزىپ قويۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، دېرىزە ئالدىغا توختىتىلغان يېزىق ئۈستىلىمنىڭ ئالدىغا كەلدىم ـ دە، ئورۇندۇققا چۆكتۈم. قولۇمغا قەلەم ئېلىشىم بىلەن تەڭ مەرھۇم دوستۇمنىڭ دائىم پارقىراپ تۇرىدىغان قاپقارا بۈدۈر چاچلىرى، چوڭ ـ چوڭ قوي كۆزلىرى، ئاق كۆڭۈل، خۇش چاقچاق ئوبرازى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. مەرھۇم دوستۇم ئاغىنىلىرىمىز ئىچىدە ئەقىدىلىك، غورۇرلۇق، باشقىلارغا كەڭ قوللۇق بىلەن ياردەم بېرىدىغان، كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان پەزىلىتى بىلەن ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. بىز نۇرغۇن قېتىملىق سىناقلاردا بىرگە بولۇپ، قايغۇ ۋە كۈلكىمىزگە ئورتاقلىشىپ، ھەمدەم بولۇپ ياشاپ كەلگەن ئىدۇق. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىشى بىزنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى. مەن چوڭقۇر سېغىنىش ۋە ھەسرەتلىك خىياللار ئىلكىدە قەلەمنى تىركەپ، خاتىرىنى باشلاشقا تۇتۇندۇم. تۇنجى جۈملىنى يازاي دەپ تۇرۇشۇمغا، تۇيۇقسىز غۇڭۇلدىغان يېقىمسىز بىر ئاۋاز دىققىتىمنى چېچىۋەتتى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ دېرىزە تەكچىسىدە يوغان بىر چىۋىننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ئۆيدە ئەجەب چىۋىن يوق ئىدى، بۇ چىۋىن

نەدىن پەيدا بولغاندۇ ؟ دېگەن ئوي بىلەن چېۋىنگە نەزىرىمنى ئاغدۇردۇم . بۇ چېۋىن ئادەتتىكى چېۋىنلەردىن سەل پەرقلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ قورسىقى ئالىچىپار ، كۆزلىرى سارغۇچ ، قاناتلىرى ئۇزۇن ، گەۋدىسىمۇ سەل يوغان ئىدى . ئۇ يىراقتا ئۇچماستىن ، ئۆزىنى ھەدەپ ئەينەككە ئۇراتتى ياكى ئەتراپىمدا ئايلىناتتى . مەن قوللىرىمنى پۇلاڭلىتىپ چېۋىننى كۆزۈمدىن سەل نېرى قىلدىم ، ئاندىن دىققىتىمنى يىغىپ ئىشىمغا كىرىشتىم . بىراق ، تېخى بىر جۈملە يازمايلا ھېلىقى چېۋىن يەنە غۇڭۇلدىغانچە پەيدا بولۇپ يۈزۈمگە ، قوللىرىمغا قونۇشقا باشلىدى . مەن سەل كەيپسىزلىنىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ چېۋىننى قوغلىدىم . بىر چاغدا چېۋىن قاياققىدۇر غايىب بولدى . ئورنۇمغا قايتىپ كېلىپ يېزىشقا باشلىشىم بىلەن تەڭ ھېلىقى غۇڭۇلدىغان لەنىتى ئاۋاز يەنە پەيدا بولدى . ئەمدى رەسمىي ئاچچىقىم كەلدى ، ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ ، تاشلىنىپ قالغان كونا پالاقنى تېپىپ كىردىم ۋە چېۋىننى قوغلاشقا باشلىدىم ، چېۋىن ئۇياقتا ئۇچۇپ ، بۇياقتا ئۇچۇپ ئاخىر دەل مەن ئەسلىمە يازماقچى بولغان ئىش قەغىزىنىڭ ئۈستىگە قوندى . چېۋىن قەغەز ئۈستىدە خۇددى تەختتىكى پادىشاھتەك كېرىلىپ ، ئارقا پۇتلىرى بىلەن قانىتىنى تارايتتى ، بېشىنى ئايلاندۇراتتى . مەن ئاۋايلاپ ئۈستەل يېنىغا كەلدىم - دە ، پالاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چېۋىننى چەنلەپ زەرب بىلەن ئۇردۇم . « پاق » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يۈرىكىم پۇلاڭلاپ كەتكەندەك بولدى . بىرنەچچە تامچە قان پالاقنىڭ تۆشۈكچىلىرىدىن سىرغىپ چىقتى . مەن پالاقنى كۆتۈرۈپ ، چېۋىننى قەغەزگە چاپلىشىپ قالغان ھالەتتە كۆردۈم . ئۇنىڭ ئىنچىكە ، ئۇزۇن پۇتلىرى سوزۇلغانچە قەغەزگە يېپىشىپ قالغان ، بېشى مىجىلىپ كەتكەن ، قاناتلىرى كېرىلىپ قالغان بولۇپ ، ئاپئاق قەغەز يۈزىدە سۇس قان دېغى تۇراتتى . مەن سەسكىنىش ۋە بىزارلىق تۇيغۇسى بىلەن چېۋىننىڭ ئۆلۈكى بار ۋاراقنى يىرتىپ ئېلىپ ، مىجىقلىغانچە ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىۋەتتىم . شۇنىڭدىن كېيىن كەيپىم ئۇچۇپ ، قەلبىمنى بىئاراملىق قاپلىۋالدى . ئەسلىمە يېزىشنى كېيىنگە قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ

كەتتىم.

شۇ كېچىسى نېمشقىدۇر زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. كېچە نۇرغۇن قالايمىقان، قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆردۈم. بىردە مەرھۇم دوستۇمنىڭ قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى ئېچىنىشلىق قىياپىتى، قانغا مىلەنگەن بېشى، ئاسفالت يولغا چاپلىشىپ قالغان پۇت - قوللىرى ئايان بولسا، بىردە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن دەقىقىلەر، كۆڭۈللۈك سورۇنلار ئايان بولاتتى؛ بىردە دوستۇم تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان كۆز-لىرى بىلەن ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندەك بولسا، بىردە غەزەپلىك ھومىيىپ ماڭا نەپرەتلەنگەندەك قىلاتتى.

سەھەردە ناھايىتى خامۇش ۋە چۈشكۈن ھالەتتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئەينەكتىكى ئەپتىمگە قاراپ بېقىپ چۆچۈپ كەتتىم. ساقاللىرىم بىر كېچىدىلا ئۆسۈپ كەتكەن، كۆزلىرىم ئولتۇرۇشقان. ھېچقانداق ئىشقا قولۇم بارمايتتى. چىرايىم سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئاغزىم ۋە بۇرنۇمنىڭ ئەتراپىغا ھۆررەك - ھۆررەك بىرنەرسىلەر چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئەتىگەنلىك ناشتىدا گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. ناھايىتى چۈشكۈن ۋە ھارغىن ھالەتتە ئىشقا ماڭدىم. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن جەريانىدا روھىي دۇنيايىم پۈتۈنلەي پا-چاقلىنىپ كەتكەندەك خامۇش يۈردۈم. ماڭا دائىم بىر خىل قورقۇنچ، ۋەھىمە ئەگىشىپ يۈردى. كۆز ئالدىمدا داۋاملىق مەرھۇم دوستۇمنىڭ قانغا مىلەنگەن گەۋدىسى، ئوچۇق قېتىپ قالغان كۆزلىرى پەيدا بولاتتى. يولدا ماڭسام كەينىمدىن بىرى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك، كارىۋاتتا ياتسام بىرسى گېلىمنى بوغۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئىشقا ئۆزۈمنى قانچە ئۇرۇپ باقساممۇ، ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. كىتابقا زورمۇزور تىكىلىپ تۇ-رۇۋالساممۇ، كاللامغا ھېچنېمە چۈشمەيتتى. ئولتۇرغان جايىمدا سائەت - سائەتلەپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالاتتىم، تىت - تىتلىق، گاڭ-گىراش، ۋەھىمە يۈرىكىمنى قۇرتتەك غاجايتتى. ئاخىر بىر كۈنى زادىلا چىدىيالماي، بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن دېرىزە ئال-

دىغا توختىتىلغان يېزىق ئۈستىلىمدە ئولتۇرۇپ، چېچىمنى چىڭ قاماللىغىنىمچە خىيالغا پاتتىم. تەپەككۇرۇمنى ئەڭ زور قۇدرەت بىلەن بىر يەرگە يىغىپ، كاللامدا داتلىشىپ قالغان بارلىق ئەقلىمنى ئىشقا سېلىپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشكە باشلىدىم. تۇيۇقسىز كۆزۈم شىرە ئۈستىدىكى ئىش قەغىزىگە چۈشتى، شۇئان كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى چېۋىنگە، مەن ئۈچ كۈن بۇرۇن مۇشۇ ئىش قەغىزىنىڭ ئۈستىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن، قورسىقى ئالىچىپار، گەۋدىسى يوغان چېۋىنگە مۇناسىۋەتلىكمۇ يا ؟! توغرا، ئۇ روھ چېۋىن بولۇشى، مەرھۇم دوستۇمنىڭ ئەتراپىمدا ئۇچۇپ يۈرگەن روھى بولۇشى مۇمكىن. بۇ روھ چېۋىن مېنىڭ ئەتراپىمدا ئەگىپ، دوستۇم توغرۇلۇق خاتىرە يېزىشىمغا مەدەت بەرگەن، ئىلھام بەرگەن گەپ، بىراق مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتىمەن، خۇددى دوستۇمنىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشاش پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈۋېتىپتىمەن ...

ياپىرىم، مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئەمدى قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرەر، قانداق قىلىش كېرەك ؟ يۈرىكىم بىر خىل قورقۇنچتىن ئادەتتىن تاشقىرى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئەقلىم ھېچنېمىگە ئىشلىمەيۋاتاتتى. ئەگەر دەرھال ئامال تاپمىسام، بۇنداق چىدىغۇسىز سىقىلىشتىن ئۆلۈپ كېتىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ چارە ئىزدەشكە باشلىدىم. تۇيۇقسىز خەلق چۆچەكلىرىدىكى بىر كىشىنىڭ ئۆلۈپ قالغان قارلىغاچنى دەپنە قىلىپ، تۇيۇقسىز ئامەتلىك بولۇپ كەتكەنلىكىدەك بىر ۋەقەلىك ئېسىمگە كەلدى ۋە خۇشلۇقتىن ھاياجانلىنىپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم.

توغرا، شۇنداق بىر ئىش قىلىپ بېقىش كېرەك. « سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ » دېگەن گەپ بار. مەن يۇقىرىقى خىيالدىن ئۈمىدلىنىپ، دەرھال سىرتقا قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇ چېۋىننىڭ ئۆلۈكىنى ئۈچ كۈن بۇرۇن بىر ۋاراق ئىش قەغىزى بىلەن قوشۇپ پۈرلەپ ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىۋەتكەن، ئاندىن سىرتتىكى ئەخلەت تۇڭىغا تۆ-

كۆۋەتكەن ئىدىم . ئۆيدىن چىقىپلا ئۇدۇل يول ياقىسىغا توختىتىپ
قويۇلغان ئەخلەت تۇڭىنىڭ يېنىغا باردىم ۋە تۇڭنى ئۆرۈپ ئەخلەتلەرنى
ئاختۇرۇشقا باشلىدىم . شۇ مىنۇتتا كاللامدا بىرلا ئوي — ھېلىقى
چىۋىنىنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىۋېلىش ئويىلا ھۆكۈمران ئىدى . يولدىن ئۆ-
تۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرى خىيالىمغا كىرىپمۇ
چىقمايتتى . يىرىم سائەتكە يېقىن ئىزدەش ئارقىلىق ئاخىر ئەخلەت
ئىچىدىن ھېلىقى پۈرلەنگەن ئىش قەغىزىنى تاپتىم . مەن تىترەپ تۇرغان
قوللىرىم بىلەن قەغەزنى ئاۋايلاپ يايدىم . چىۋىنىنىڭ ئۆلۈكى قۇرۇپ ،
ئىنچىكە پۇتلىرى يىغىلىپ قالغان ئىدى . يۈرىكىم پۇلاڭلاپ كەتكەندەك
بولدى ، خۇددى قەغەز يۈزىدە مەرھۇم دوستۇمنىڭ قېتىپ قالغان جەسىتى
سوزۇلۇپ ياتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم ، قەغەزنى ئېھتىيات بىلەن قاتلاپ
ئۆيگە قايتىپ كىردىم . بۇنىڭدىن كېيىن نېمىلەرنى قىلماقچى بولغانلىقىم
كاللامدا پىشىپ بولغان ئىدى . ئۆيگە كىرىپ چىۋىنىنىڭ ئۆلۈكىنى يېڭى
بىر كونۋېرتقا سېلىپ ، ۋېلسىپىتىمنى مىنىپ ئاشلىق بازىرىغا قاراپ ماڭ-
دىم . ئۇ يەردىن كىچىك سۇلياۋ خالتىغا ئازراق قوناق سېتىۋالغاندىن
كېيىن ، يول بويىدىكى ياۋاگۈل ۋە ئوت - چۆپلەردىن بىر باغلام يۇلۇپ
ئېلىۋېلىپ ، شەھەر سىرتىدىكى قەبرىستانلىققا چىقتىم . زومچەك -
زومچەك قەبرىلەر ئارىسىدىن دوستۇمنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ يۈكۈن-
دۈم ، شۇ ھامان جۇدالىق ، سېغىنىش ھېسسىياتى قەلبىمدە ئىسيان
كۆتۈرۈپ ، دوستۇم بىلەن ئۆتكەن جۇشقۇن ، كۆڭۈللۈك مىنۇتلار كۆز
ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى . كۆزلىرىمگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ ، دوستۇمغا
بىخەستەلىكتىن ئۇنىڭ ئۇچۇپ يۈرگەن روھ چىۋىنىنى ئۆلتۈرۈپ
قويغانلىقىمنى ، بۇنىڭ ئۇچۇن كۆپتىن - كۆپ ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىمنى
ۋە ئەپۇ سورايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم . ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلىشقا
باشلىدى . ئورنۇمدىن تۇرۇپ قەبرە يېنىدىكى يۇمشاق توپىنى ئىككى
غېرىچتەك كولاپ ، چىۋىنىنىڭ ئۆلۈكىنى شۇ ئورەككە كۆمدۈم . شۇنىڭ
بىلەن دوستۇمنىڭ قەبرىسى يېنىدا كىچىككىنە بىر قەبرە پەيدا بولدى .

مەن ئېلىپ كەلگەن ياۋا ئوت ـ چۆپنى بۇ روھ چېۋىننىڭ قەبرىسى ئۈستىگە يېيىپ، قوناقنى دوستۇمنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە چېچىۋېتىپ، قەبرىستانلىقتىن ئايرىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئېغىر روھىي يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ يەڭگىللەپ قالدىم، كەيپىياتىممۇ ئەسلىگە كەلدى. دوستۇم ئۆزىنىڭ روھ چېۋىننى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىمنى كەچۈرگەندەك ھېس قىلدىم. كېيىنچە يۇقىرىقى ئىشلار بارا ـ بارا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئەسلىدىكى تۇرمۇش رىتىمىمغا چۈشۈپ قالدىم.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈن بويى مەشغۇل بولۇۋاتقان بىرلا خىل خىزمەت، ئىستىخىيىلىك ماددىلاشقان تۇرمۇش، ئادەمگە تۈيدۇرماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەنىسىز ۋاقىتلار مېنى زېرىكتۈرۈپ، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان مىسكىنلىك، چۈشكۈنلۈك، ھاياتتىن بىزار بولۇش تۇيغۇلىرى غەليان كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇرچ تۇيغۇسى مېنى قىينايتتى. مەرھۇم دوستۇم ناھايىتى يىراق بىر جايدا تۇرۇپ مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. تۇرمۇشۇمنى ئازراق بولسىمۇ يادلىغۇدەك، پەخىرلەنگۈدەك بىر مەنىگە تولدۇرۇش، ئۆزۈم ئىنتىلىدىغان بىر ئىشقا مەشغۇل بولۇش ئۈچۈن، مەرھۇم دوستۇم توغرۇلۇق يازماقچى بولغان ئەسلىمىنى قايتا باشلىماقچى بولدۇم ۋە دېرىزە ئالدىغا توختىتىلغان يېزىق ئۈستىلىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئورۇندۇققا چۆكتۈم، قولۇمغا قەلەم ئېلىشىم بىلەن تەڭ مەرھۇم دوستۇمنىڭ دائىم پارقىراپ تۇرىدىغان قاپقارا بۈدۈر چاچلىرى، چوڭ ـ چوڭ قوي كۆزلىرى، ئاق كۆڭۈل، خۇش چاقچاق ئوبرازى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. چوڭقۇر سېغىنىش ۋە ھەسرەتلىك خىياللار ئىلكىدە قەلەمنى تىركەپ، ئەسلىمىنى باشلاي دەپ تۇرۇشۇمغا، تۇيۇقسىز غۇڭۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ...

# چۈش

ياتاقتا ئىككىمىز جىمجىت ئولتۇراتتۇق. ئۇ كارىۋىتىمدا تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە ئېگىكىنى تىزىغا قويۇپ ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۈستەلدىكى بىر بوتۇلكا ھاراقنى رومكىغا بۆلۈپ، ئاستا ـ ئاستا سۈمۈرگىنىمچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ ياتىقىمغا نېمە مەقسەتتە كىرگەنلىكى ماڭا ئايان بولغان ئىدى. مەن بىرئازدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئويلاپ ھاياجانلىنىشقا باشلىدىم. ئۇ ياتاققا كىرىپ: « سىز توي قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋېتىپسىز، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بىراق مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشەلمىدىم. شۇڭا، سىز بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا سىزگە ئۆزۈمنى تەقدىم قىلىش قارارىغا كەلدىم. قىزلىق ئىپپىتىمنى ئۆزۈم ياخشى كۆرمەيدىغان بىرىگە قۇربان قىلىشنى خالىمايمەن. مەن بۇ قېتىمقى مۇھەببەتنىڭ لەززىتىدە مەڭگۈ تەنھا ئۆتۈشكە، خورلىنىشقا رازى » دېگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن قاتتىق ھەيران قالغان ۋە ھاياجانلانغان ئىدىم. بۇنداق ۋاقىتتا كىملا بولسا مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولسا كېرەك. بىراق، مەن « مۇھەببەت كارىۋات ئۈستىدىلا بولىدۇ » دەپ ئويلايتتىم. بەلكىم بۇ قارىشىم خاتادۇر. باشقىلار بۇ قارىشىمنى ئۇقسا مېنى ئىپلاس، رەزىل دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن، بىراق ماڭا نېمە ئامال، كاللامدا ھەقىقەتەن مۇشۇنداق خىيال بار ئىدى.

مەن بىرەر چىرايلىق قىزنى ئۇچرىتىپ قالسام، دەرھال ئۇنى

ئاندىن تۇغما ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم ، ئۇ قىزنىڭ كارىۋات ئۈستى-
دىكى قىياپىتى ، خۇلقىنى ئويلاپ كېتەتتىم . مەيلى قايسىلا قىز بىلەن
بىرگە بولسام ، ئۇنىڭغا پۈتكۈل ھېسسىياتىمنى ، تۇيغۇمنى بېغىشلايتتىم ،
ئۇنىڭ قۇچىقىدا شامدەك ئېرىپ كېتەتتىم . شۇ دەقىقىلەردە مېنىڭ
كاللامدا ئاتا - ئانا ، ۋىجدان ، ئەقىدە ، ئەخلاق دېگەنلەرنىڭ سايىسمۇ
بولمايتتى .

مەن دائىم بىزدىمۇ ھېسسىيات جەھەتتە چەت ئەلدىكىدەك
ئەركىنلىك ، ئېچىۋېتىش بولسا ، بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئادەت ، ئەخلاق
دېگەنلەرنىڭ زەنجىرىدىن قۇتۇلۇپ ، ئەركىن - ئازادە ، بىمالال ئويناپ ،
خالىغان بىر ئايال بىلەن مۇھەببەتلىشىپ ياشاپ باقساق ، دەپ ئويلاپ كې-
تەتتىم . ئەپسۇسكى ، ھازىر ئاتا - ئانامنىڭ زورى بىلەن بىر ئابرۇيلۇق
ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتىم . بەلكىم ئۇ قىزمۇ مېنى
رازى قىلالىشى ، ھاياجانلاندۇرالىشى مۇمكىن . بىراق ، مەڭگۈ بىرلا قىز
بىلەن ھايات كەچۈرۈش نېمىدېگەن ئازابلىق - ھە ! بەلكىم تۇرمۇش ، ئا-
ئىلىنىڭ تۈگىمەس بېسىمىدىن مىجىلىپ كېتىشىم ، بۇ «مولايىم
گۇندىپاي»نىڭ قولىدا ، شەكىلسىز تۇرمىدە چىرىپ كېتىشىم مۇمكىن
ئىدى . بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە خىزمەت ، ئائىلە ، پەرزەنت ، ئادەت ،
مەجبۇرىيەت ئۈچۈنلا ياشاپ ، ھاياتنىڭ ھېچقانداق خۇشلۇقىنى ، شادلىقىنى
كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىشتىنمۇ ئارتۇق ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمىسا كېرەك .

ئۇ تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە مۇڭلۇق كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ جىم-
جىت ئولتۇراتتى . ئۇ مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلىپ قالغانمىدۇ ؟ ئۇ
خىيالىمنى بىلىپ قالسا ، چوقۇم مەندىن نەپرەتلىنىشى ، « ئۇلۇغ قارار »د-
دىن يېنىۋېلىشى ، مېنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ چاغدا
مەن بۈگۈن ئاخشامقى لەززەتتىن قۇرۇق قالامدىمەن . ياق ، مەنمۇ چوقۇم
ئۇنى تەسىرلەندۈرۈشۈم ، ئۆزۈمنىڭ بىر ۋىجدانلىق ، سەممىي يىگىت
ئىكەنلىكىمنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈشۈم كېرەك . شۇنداق بولسا ... بۈگۈن
ئاخشام دۇنيادا مەندەك بەختلىك كىشى بولماي قالىدۇ . يېرىم سائەتتىن

كېيىن مەن چەكسىز بەخت لەززىتىگە چۆمۈلىمەن. ئادەمنى بۇنىڭدىن ئارتۇق ھاياجانغا سالىدىغان يەنە بىر ئىش بارمۇ؟ تۇرۇپلا ئالدىمدىكى قىزغا چەكسىز ھۆرمىتىم قوزغالدى، ئامراقلىقىم كەلدى. ئۇ نېمىدېگەن ئالىيجاناب ـ ھە! دۇنيادىكى ھەممە قىز مۇشۇنداق بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى!؟ بۇ شەھەردە يەنە مېنى ياخشى كۆرىدىغان قىزدىن قانچىسى باردۇ؟ يەنە كىملەر مېنى ئىزدەپ كېلەر؟ ئاھ خۇدا، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا قانچىلىك ياير اپ كېتەرمەن ـ ھە! بىراق، بۇ خىيالىم بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ قېتىملىق پۇرسەت مېنىڭ ھاياتىمدىكى بىر تاسادىپىي ئامەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— خىيالغا چۆكۈپ كەتتىڭىزغۇ؟

قىزنىڭ تۇيۇقسىز سوئالىدىن چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم ۋە تەمتىرەپ ھاراققا قول ئۇزاتتىم.

— گىتار چېلىپ بىرەر ناخشا ئېيتىپ بەرمەمسىز؟ — دېدى ئۇ بۇلۇڭدا تۇرغان گىتارنى ئىما قىلىپ.

مەن بۇ تەكلىپتىن دەرھال جانلىنىپ كەتتىم. گىتارنى ئانچە ياخشى چالالمايتتىم، بىراق بىر ناخشىنى ناھايىتى پىششىق ئۆگەنگەن ئىدىم ۋە مۇزىكىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالاتتىم. بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى، ئاھاڭى ناھايىتى مۇڭلۇق، تەسىرلىك بولۇپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ ناخشىنى ئېيتىپ كېلىۋاتقىلى بىر ـ ئىككى يىل بولۇپ قالغان، بۇ ناخشا ئارقىلىق بىرنەچچە قىزنى ئەسىر قىلىۋالغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن ئىدىم. تەجرىبىدىن ئۆتكەن بۇ ئۇسۇلۇمنىڭ ئالدىمدىكى قىزنى چوقۇم بېھوشلاندۇرالايدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

— بولىدۇ، مەن سىزگە بېغىشلىغان بىر ناخشامنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدىم گىتارنى قولۇمغا ئېلىپ. بارماقلىرىم بىلەن تارلار ئۈستىدىن ئاستا سىيرىشقا باشلىدىم. گىتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى جىمجىت ياتاقتا ئەكس سادا پەيدا قىلدى. مەن ناخشىنى ئاستا باشلىدىم

ۋە ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا كۈي ئىچىگە چۆكۈپ كەتتىم . مۇشۇ دەقىقىلەردە قەلبىمدىكى بارلىق تەشۋىش ، مالامەتلەر ، ئەتراپىمدىكى بارلىق شەيئىلەر ئۇنتۇلغان ئىدى . ئاۋازىم ئۆزۈمگە شۇ قەدەر ئايانچلىق ، سېھىرلىك ئاڭلىنىۋاتاتتى :

بولدۇمغۇ مەن بىر دەرەخ ،
چۆلدە سۇسىز سارغايغان .
يامغۇر بولۇپ چۈش ماڭا ،
رىشتىم ساڭا باغلانغان .
...

ناخشام ئاخىرلاشتى . مەن خېلى ۋاقىتتىن كېيىن خىيالىي دۇنيا ئىچىدىن قايتىپ چىقتىم ۋە كۆزۈمنى ئاچتىم . ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئاللىقاچان تۆكۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ ، ئۇ قولى بىلەن يۈزىنى ئەتكىنىچە ھەدەپ ئۆكسۈۋاتاتتى . مەن گىتارنى قويۇپ ، ئاستا كارىۋاتنىڭ قىرىغا كەلدىم ۋە ئۇنى باغرىمغا تارتتىم . ئۇ شۇئان بوينۇمغا گىرە سېلىپ ، مېنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشكە باشلىدى . مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنىڭغا ئېگىشتىم ... بىز دۇنيانى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ، ھەشقىيچەكتەك چىرمىشىپ كەتتۇق . ۋۇجۇدۇمدا قۇتراۋاتقان ئەسەبىي ھاياجان بارغانچە ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى . ئۇ نازۇك بارماقلىرىنى بەدىنىمگە چىڭ پاتۇرغىنىچە ئاستىمدا بېلىقتەك پىلتىڭلايتتى ...

— ھەي ، نېمە بولدىڭىز ؟

بىرىنىڭ تۇرتۇپ چاقىرىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم ۋە ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىمنى تەستە ئېچىپ ، ياستۇقتا تايانغىنىمچە بېشىمنى كۆتۈردۈم ، ئالدىمدا ئايالىم ماڭا ئېگىشكىنىچە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى . خاموشلۇق ئىلكىدە ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدىم ، مەن ياتاقتا ئەمەس ، بەلكى ئۆز ھۇجرامدا ياتاتتىم . ئۇھ ... مەن ئېغىر تىنىۋېتىپ ،

ئۆزۈمنى ياستۇققا تاشلىدىم. كاللامدىن «ئايالىم بايامقى چۈشۈمنى بىلىپ قالغانمىدۇ» دېگەن ئوي كەچتى. ئۇ بولسا يەنىلا مەندىن جاۋاب كۈتۈپ قىمىرلىماي تۇراتتى.

— ھېچنېمە، — مەن خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بەردىم -دە، بېشىمنى يانغا بۇراپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. ھەي... يەنە بىر مىنۇت كېچىكىپ ئويغاتسىچۇ، كاساپەت، بۇنداقمۇ ئازابلىق ئىش بولامدۇ؟ ئادەمنىڭ چۈش كۆرۈش ئەركىنلىكىمۇ بولمىسا... كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ، چۈشۈمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باققان بولسامىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى.



# سىناق

ئىشخانىدا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتىم ، تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى .

— ۋەي ، غالىبجان بارمۇ ؟

بىر قىزنىڭ تۇرۇپكىدىن كېلىۋاتقان يېقىملىق ، قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازىدىن يۈرىكىم شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى .

— مەن شۇ ، — دېدىممەن ھاياجان بىلەن .

— قانداق ئەھۋالىڭىز ، خىزمىتىڭىز ئالدىراشمۇ ؟ جىمىپ كەتتىڭىزغۇ ، مېنى ئۇنتۇپ قاپسىزمۇ نېمە ؟ مەن باھارگۈل !

قىزنىڭ سوئاللىرىدىن گاڭگىراپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن قورققاندەك ئالدىراپ - تېنەپ :

— ھە ، ياق ، ئۇنتۇپ قالامدىغان ، سىزنى دائىم ئەسلەپ تۇردۇم ، — دېدىممەن تۇرۇپكىنى يەنە بىر قولۇمغا يۆتكەپ .

— ئەسەرلىرىڭىزنى مەتبۇئاتلاردىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن ، ئۇچراشمىغىلى ئۇزاق بوپتۇ ، ۋاقتىڭىز بولسا كېلەمسىز ؟

— ۋاقتىم بولمامدىغان ، ھازىرلا باراي ، — دېدىممەن خۇشاللىق بىلەن ، — سىز ھازىر نەدە ؟

— مەن كىتابخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تېلېفون بوتكىسىنىڭ يېنىدا .

مەن تېلېفوننى قويدۇم - دە ، كېيىكتەك تاقلاپ بىنادىن چۈشۈپ كەتتىم . راستىنى ئېيتسام ، بۇ باھارگۈلنىڭ قايسى قىز ئىكەنلىكىنى زادى

ئەسلىيەلمىدىم . ئۇنى تونۇشۇم مۇھىم ئەمەس ، ئۇنىڭ مېنى تونۇشى مۇ-ھىم . بىرەر يىغىندا ئۇچراشقاندىمىز ياكى بىرەر سورۇندا بىللە بولغاندىمىز ياكى بولمىسا ئۇ ماڭا چوقۇنىدىغان ھەۋەسكارلارنىڭ بىرسىدۇر . مۇھىمى مېنى كۆرۈشۈشكە چاقىرغان ئىكەن ، ئىش پۈتتى دېگەن گەپ ، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە . ئۇنىڭ يېقىملىق ، سېھىرلىك ئاۋازىنى ئويلاپ ئۇنى زىلۋا بويلۇق ، بۇلاق كۆزلۈك ، ئوماق يۈزلۈك قىز سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلدىم . كۆرۈشكەندىن كېيىن نەگە باشلىسام بولار ؟ رېستورانغا باشلاي دېسەم ، خالىي ئولتۇرۇپ مۇڭداشقىلى بولمايدۇ . بىرەر مېھمانخانىدىن يا-تاق ئالاي دېسەم ، توي خېتى بولمىسا ياتقۇزمىغان . بولدىلا ، كۆرۈشكەندە بىر گەپ بولار .

شۇ خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ كىتابخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن . تېلېفون بوتكىسىنىڭ يېنىدا ھېچكىم كۆ-رۈنمەيتتى . بوتكىنىڭ يېنىغا كېلىشىمگە بوتكىنىڭ كەينىدىن تۇيۇقسىز ئايالىم چىقىپ كەلدى . مەن ھودۇققىنىمدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم ۋە دۇدۇقلىغىنىمچە :

— سىز ... سىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز ؟ — دېدىم .

— مەندىن سورىماي ئۆزىڭىز جاۋاب بېرىڭ ، باھارگۈل بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئايالىم قەھر بىلەن ماڭا تىكىلگىنىچە مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا .

— باھارگۈل ؟ ... باھارگۈل دېگىنىڭىز كىم ؟ — دېدىمەن ئالاقزادە بولغان ھالدا ئەتراپىمغا قاراپ .

— بولدى ، خۇپسەنلىك قىلماڭ . باشقىلار « ئېرىڭىز بىرنەرسە يا-زىدىغان قىزلار بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرىدىكەن » دېسە ئىشەنمەيتتىكەنمەن . بۈگۈن سىناپ باقاي دەپ بىر دوستۇمغا تېلېفون بەرگۈزسەم ، دوپپىڭىزنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغىمۇ قارىماي ، شۆلگەيلىرىڭىزنى ئېقىتىپ يېتىپ كەپسىز ، سىزنىڭ قانداق ئادەملىكىڭىز ، ئەپت - بەشىرىڭىز پۈتۈنلەي ئاشكارىلاندى . چوڭ كوچىدا تولا

سەتلەشمەي، قالغان ھېسابنى كەچتە ئۆيگە بارغاندا ئالىمەن، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە تاقىلداپ مېڭىپ كېتىپ قالدى.

مەن بارلىق دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان قىمارۋازدەك سالپايغىنىمچە ئاستا كەينىمگە ياندىم. كەچتە ئۆيدە بولىدىغان ئۇرۇش ۋەھىمىسىنى ئويلاپ تېنىم ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كەتتى. ئېنىقكى، كەچتە ئايالىم بىلەن توي قىلغان ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر جەڭگى - جېدەل بولىدۇ. «ئاھ خۇدا، — دېدىمەن ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاپ، — ئادەمنى نېمانچە ئېغىر سىناققا دۇچار قىلىسەن، بۇنداق سىناقتىن ھېچقانداق ئەر ئۆتەلمەيدىغۇ ئاخىر!»

# يانچۇقچى

بۇ چەت يېزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىنىمغا 20 يىلدىن ئاشتى. ئىلگىرىكى يىللاردا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرگىنىم، ئانا يۇرتۇمدىكى خەلقنىڭ قەلبىنى ئاقارتىش يولىدا مېھنەت سىڭدۈرۈۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، خىزمەتنى ناھايىتى بېرىلىپ ئىشلەيتتىم. لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا پايدا - مەنپەئەت قارىشىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى، ئىجتىمائىي ئورۇن، مۇناسىۋەت سەنئىتى دېگەنلەرنىڭ ئادەمنىڭ قىممىتى ۋە ھۆرمىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارغا ئايلىنىپ قېلىشى بىلەن ئۆز خىزمىتىمدىن ئۈمىدسىزلىنىدىغان، ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغىنىمغا پۇشايمان قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. راست ئەمەسمۇ، «ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى، ياش ئەۋلادلارنىڭ دىلىنى يورۇتقۇچى شام» دېگەندەك ياڭراق شوئارلار بىلەن سۈپەتلىنىۋاتقان بولساقمۇ، كىشىلەر بىزنى پەقەت ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ھۆرمەت قىلىدىغان، بىزگە ئەخلاق يۈزىسىدىنلا سالام بېرىپ، قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. مەن دائىم بىز بىرەرسىگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيمىز، ھېچكىمنىڭ ئىشىنى بېجىرىپ بېرەلمەيمىز، شۇڭا بىزنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلىدىغان، بىزنى ھەقىقىي قەدىرلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز، ئوقۇغۇچىلىرىمىزمۇ مەكتەپ پۈتكۈزۈۋالسىلا بىزنى تونۇمايدۇ، ياخشى ئوقۇغان ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلارلا كۆڭلىمىزنى دەپ بولسىمۇ بىزنى يوقلاپ، ئانچە - مۇنچە سورۇشتۇرۇپ قويىدۇ دەپ

ئويلاپ، ئىچ - ئىچىمدىن پۇچۇلۇپ كېتەتتىم. بىراق، يېقىندا يولۇقتۇرغان بىر ئىش مېنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىشىمگە، ئوقۇتقۇچىغا خاس كىشىلىك قەدىر - قىممىتىمنى قايتا تونۇۋېلىشىمغا سەۋەب بولدى.

6 — 7 يىل ئىلگىرى تولۇقسىز 1 - يىللىقنىڭ سىنىپ مەسئۇلى بولۇۋاتقان ۋاقتىمدا، سىنىپىمدا ئەخمەت ئىسىملىك ناھايىتى كەپسىز بىر بالا بار ئىدى. بۇ بالا ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم بولغىنىغا قارىماي، بەك مەمەدان، قىلىقسىز ۋە ياغاچ قۇلاق ئىدى. دەرسنى قىلچە ئۆگەنمىگەنلىكى ئۈستىگە دائىم باللار بىلەن ئۇرۇشاتتى. دەرسخانىنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىنى چېقىۋېتەتتى، مۇئەللىملەرنىڭ كەينىدىن چالما ئاتاتتى. ئەڭ يامىنى، قولىنى ئەگرى قىلىپ ساۋاقداشلىرىنىڭ دەپتەر، كىتاب، پۇل - پۈچەكلىرىنى ئوغرىلاپلا قالماي، مەكتەپنىڭ سۇپۇرگە، چېلەك قاتارلىق مۈلۈكلىرىنى ئوغرىلاپ سېتىپ، ماڭا نۇرغۇن باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگەن ئىدى. ساۋاقداشلىرى ئۇنى يۈزىدىن يۈزىگىلا «ئەخمەت كانتو» دەپ چاقىرىشاتتى. مەن ئۇنىڭغا تولا نەسىھەت قىلىپ، تەنبىھ بېرىپ، ھەتتا ئۇنى نەچچە قېتىم ئۇرۇپمۇ ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەن ئىدىم. كېيىن ئۇ تولۇقسىزنىڭ 2 - يىللىقىدىمۇ تۈزۈك ئوقۇمايلا مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنى ناھىيە بازىرىدا يانچۇقچىلىق قىلىپ يۈرگۈدەك، ۋىلايەت مەركىزىدە يانچۇقچىلارنىڭ كاتتىۋېشى بوپتۇدەك دېيىشىپ يۈردى. مەنمۇ ئۇنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتىم.

ئالدىنقى ھەپتىدە شەخسىي ئىشىمنى بېجىرىش ئۈچۈن يېرىم كۈنلۈك يولنى بېسىپ ۋىلايەت مەركىزىگە كەلگەن ئىدىم. ئەتىسى ئىشىمنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، كىتابخانىغا يولۇقۇپ ئۆتەي دەپ شەھەر مەركىزىگە قاراپ ماڭدىم. باغچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام بىرسى «ھوي، توختىسلاچۇ» دەپ قالدى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ بىرەر تونۇش چىرايىنى ئۇچرىتالمىدىم - دە، مېنى چاقىرمىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، مېڭىشقا تەمشەلدىم.

— مۇئەللىم ، سىزنى دەۋاتىمەن ، — ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى .
مەن يەنە كەينىمگە قايرىلىپ ، 10 نەچچە قەدەم نېرىدا ئوتتۇرا بوي ، دوغىلاق كەلگەن ، ئۈستىگە بوغماق چاپان كىيىۋالغان ، كۆزلىرى چوڭ - چوڭ بىر يىگىتنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم . مەن سىنچىلاپ قاراپ ، ئۇنىڭ ھېلىقى كەپسىز ئوقۇغۇچۇم ئەخمەت ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم .
— مۇئەللىم ، مېنى تونۇيالمىدىڭىزمۇ ؟ مەن سىز ئوقۇتقان ئەخمەت كانتو ئەمەسمۇ ! ؟ — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ماڭا قاراپ كەلدى .
ئۇنىڭ قىلچە ھېيىقماي ئۆزىنى « كانتو » دەۋاتقانلىقىدىن يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى . ھازىرقى ياشلارنى نېمە دېگىلى بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەخمەت دېگەن جەمئىيەتنىڭ چۆپرەندىسى تۇرسا . بۇرۇن ئۇنىڭغا بەرگەن تەنبىھلىرىم ، ھەتتا ئۇنى ئۇرغانلىقىمنىڭ ئۆچىنى ئالمايدۇ دېگىلى بولامدۇ ؟ مۇشۇ يات شەھەردە ئوۋالچىلىققا قالىدىغان بولدۇم . بۇ خىياللار چاقماق تېزلىكىدە كاللامدىن ئۆتتى .
— ھە ، ئەخمەتجانمۇ سىز ، چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قاپسىز ، — مەن شۇنداق دېگەچ چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم ۋە ئەتراپىمغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدۇم .
— قاچان كەلگەنتىڭىز مۇئەللىم ؟ — سورىدى ئۇ بىر خىل ئىپادىسىز تەرزدە .
— بىر جىددىي ئىش بىلەن تۈنۈگۈن كەلگەنتىم ، ئەمدى قايتاي دەپ بېكەتكە مېڭىشىم ، — دېدىمەن ئالدىراپ .
— نېمىگە ئالدىرايسىز مۇئەللىم ، بىزنىڭ شەھەرگە ئوبدان كەپ قاپسىز ، بىردەم پاراڭلاشمايمىزمۇ ؟
ھىم ، سېنىڭ قانداق پاراڭلاشماقچى بولغانلىقىڭ ماڭا ئايان ، مەندىن ئۆچ ئالماي ھەققىي تەكلىپ قىلغان تەقدىردىمۇ ، سەن بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشتىن نومۇس قىلمامدۇ كىشى ، دەپ ئويلىدىم ۋە :
— بولدى ، رەھمەت ئۇكا . ئوبدان دىدارلاشتۇق ، كۆڭلۈڭ ماڭا تېگىل بولدى ، قايتمىسام بولمايدۇ ، — دېگىنىمچە مېڭىشقا تەمشەلدىم .

— مۇئەللىم، توختاڭچۇ، — ئەخمەتنىڭ يەنە چاقىرىشىدىن توختاشقا مەجبۇر بولدۇم، — كۆڭلىڭىزدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىۋاتىمەن، مەن بىلەن بىرگە بولۇشتىن نومۇس قىلىۋاتىسىز. مەن مەيلى يانچۇقچى بولاي، مەيلى لۈكچەك بولاي، سىز قەلبىمگە ئىلىمنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان. مەن سىزدىن تەلىم ئالغان. مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇمغا ئازراق بولسىمۇ كۆڭلۈمنى ئىپادىلىشىمغا پۇرسەت بەرسىڭىز. ئەلۋەتتە بۈگۈن يانچۇقۇمغا ئازراق پۇل كىرىپ قالدى، بولمىسا مەندە ئۇنچىلىك مەردلىك قىلىشقا ئىمكانىيەتمۇ يوق ئىدى. هارامدىن كەلگەن نەرسىنى يېمەيمەن دېيىشىڭىز مۇمكىن، بۇ پۇلنى سىزگە خەجلىمىسەم تېخىمۇ ئورۇنسىز يەرگە خەجلىۋېتىمەن.

مەن ئۇنىڭ بۇنچىلىك سۆزلىيەلەيدىغانلىقىغا هەيران قالدىم، قەلبىمگە ئىسسىق بىر ئېقىم تارالغاندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز تەسىرلىنىپ كەتتىم. مەن ئۇنىڭ تىنىق كۆزلىرىگە بىرهازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن سەمىمىيەتكە ئىشەندىم ـ دە، كەينىدىن ئەگەشتىم. ئۇ مېنى يول بويىدىكى چاققانغىنە بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىردى ۋە ئىككى تەخسە لەڭمەن، 3 — 4 خىل قورۇما، 10 نەچچە زىخ كاۋاپ بۇيرۇتتى. بايىقى تەشۋىشلەر كاللامدىن كۆتۈرۈلۈپ، خېلى ئازادە بولۇپ قالغان ئىدىم، بىز پىۋا ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتۇق.

— هە، هازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دېدىمەن ئېهتىيات بىلەن.

— نېمە ئىش بولاتتى مۇئەللىم، يەنە شۇ بۇرۇنقى خىزمەت، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئىككى بارمىقىنى قىسقۇچ شەكلىگە كەلتۈرۈپ، پەسكە قارىتىپ هەرىكەتلەندۈردى. مەن ئەمدى ئۇنىڭ بۇنداق ئوچۇق ـ ئاشكارا پوزىتسىيىسىگە كۆنۈپ قالغان ئىدىم.

— تۇرمۇشۇڭ خېلى ياخشى ئوخشىمامدۇ؟ — دېدىمەن ئۇنىڭ ئۈستىۋېشىنى ئىما قىلىپ.

— نېمىسىنى دەيسىز مۇئەللىم، بىزنىڭ كۈنىمىز ئۆتىنىڭ

كۆنى ، ــ دېدى ئۇ قىلچە يوشۇرماستىن ئىستىھزالىق كۈلۈپ ، ــ قولى-مىزغا پۇل كىرگەندە بىزگە يېتىدىغان بايۋەچچە يوق ، پۇلنى بۇزۇپ - چېچىپ جاھاننى بېشىمىزغا كىيىمىز . يانچۇقىمىز قۇرۇقدىلىپ قالغاندا جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ كوچىمۇكوچا سوكۇلدايمىز ، بەزىدە تاياق يەپ ئۆلۈمنىڭ ئاغزىدىن قايتىپ كېلىمىز . تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى دېگەنلەر بىزگە ھاجەتخانىغا كىرىپ چىققاندەكلا بىر ئىش ، ھەپتىدە نەچچە قېتىم كىرىپ چىقىمىز . ھەر ھالدا بىر ئامالارنى قىلىپ جېنىمىزنى جان ئېتىپ كېتىۋاتىمىز .

ــ شۇنداق بولغاندىكىن بىرەر توغرا كەسىپنى تالاپ ، ھالال تۇرمۇش كەچۈرسەڭ بولمامدۇ ، ــ دېدىممەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ .

ــ بۇنى ئويلىمىدى دەمسىز مۇئەللىم ، بىراق تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن . كىچىكىمدە ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ قالدىم ، مەكتەپتىمۇ ياخشى ئوقۇيالمىدىم . ھۈرۈنلۈق قىلىپ بىرەر كەسىپنىڭ پېشىنىمۇ تۇتماپتىمەن ، ھازىر باشقا ئىش قىلىمەن دېسەممۇ قىلالمايمەن ھەم خۇشياقمايدۇ . خۇدا بىزنىڭ پېشانىمىزگە مۇ-شۇنداق ياشاشنى پۈتكەن ئوخشايدۇ .

ــ ئۇنداقتا ، پۇشايمان قىلمايدىكەنسەن - دە .

ــ نېمىدېسەم بولار ، پۇشايمان قىلمايمەن ، پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئامال يوق ، بۇمۇ بىزگە بىر كەسىپ ، ئۆگىنىپ قالغان خۇي ئوخشايدۇ . بىز گەرچە جەمئىيەتنىڭ كۆشەندىسى بولساقمۇ ، ئۆلۈم ، خېيىمخەتەر دائىم ئەتراپىمىزدا ئەگىپ يۈرسىمۇ ، يەنىلا ئاشۇ « كەسىپ » نى ياقتۇرىمىز ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇمىز ، باشقا ئىش قىلغۇمىز كەلمەيدۇ . قىسقىسى ، ھەربىر ئادەمنىڭ ياشاش يولى ئوخشىمايدىكەن . خۇدا مۇشۇ ئارقىلىق جاھاننى تەڭشەپ ماڭىدىغان ئوخشايدۇ .

مەن ئۇنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ چاقچاق قىلدىم :

ــ خېلى كۆپ دەپىنە - دۇنيا يىغقانسەن ؟

ــ نەدىكىنى ، ــ دېدى ئۇ ساددىلارچە كۈلۈپ تۇرۇپ ، ــ ھارام

پـۇلـنىڭ بەرىكتى بولمايدىكەن . بايا ئېيتتىمغۇ ، قولىمىزغا پۇل كىرگەندە ئۆزىمىز تۇيمايلا بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىۋېتىدىكەنمىز .

— ھېلىقى « ئاق » دېگەنگە ئۆگىنىپ قالمىغانسەن ؟ — دېدىممەن پەس ئاۋازدا ئەستايىدىللىق بىلەن .

— خـۇداغا شۈكرى مۇئەللىم ، بۇ جەھەتتە مېنىڭ مەيدانىم ئېنىق . ئوغـرى ، يـانـچۇقـچـى بـولـسامـۇ ، بىلىپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزۈمنى نابۇت قـىـلـىشنى ، خەسكە ئوخشاش خارلىنىپ ، ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي تەبىئەت- تىنمۇ مەھرۇم بولۇشنى راۋا كۆرمەيمەن .

شـۇ ئارىـدا ئاشـخـانـىـغـا 50 ياشلاردىن ھالقىغان بىر ئايال كىرىپ يىغلامسىرىغىنىچە كۈتكۈچىگە بىرنەرسىلەرنى دېيىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ « پـۇلـۇمنى ئوغرىغا بېرىپ قويدۇم » دېگەن سۆزى دىققىتىمىزنى تارتتى . ئەخـمەت بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سورىدى :

— ئانا ، سىلى قايسى ئاپتوبۇسقا چىققان ؟

— مـەن يـولۇچىلار بېكىتىدىن مىللىي شىپاخانىغا بارىدىغان كوچا ئاپـتـوبـۇسـىغا چىققان ئىدىم . ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قارىسام ، سومكامنىڭ ئاسـتىنى بىرسى كېسىۋېتىپتۇ ، سومكىدىكى 320 يۈەن پۇلۇم يوق تۇرىدۇ . نـاھـىـيـىـدىـن كېسەل يوقلاپ كەلگەنتىم ، مەن يوقلىماقچى بولغان كېسەل مـىـلـلـىـي شـىـپـاخانىدىن ھەربىي دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ كېتىپتۇ . شۇ دوخـتـۇرخـانـىـنى سوراش ئۈچۈن بۇ يەرگە كىردىم ، — دېدى ئايال كۆز يېشى قىلىپ . ئەخمەت بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن :

— ئانـا ، سـىـلـى مـۇشـۇ يـەردە بـىردەم ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ، مەن پۇللىرىنى تېپىپ ئەكېلىپ بېرىمەن ، — دېدى ۋە مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ :

— مۇئەلـلـىم ، بىردەم ساقلاپ تۇرسىڭىز ، چىقىپلا كىرىمەن ، — دېگىنىچە ئاشخانىدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى .

ئارىـدىـن يـېـرىـم سـائـەتـتـىـن ئارتـۇقـراق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بـولـسـىمۇ ، ئەخمەت كەلمەيۋاتاتتى . ئەخمەت بۇ ئايال بىلەن ئىككىمىزنى قـويـۇۋېتەمدۇ نېمە ؟ دەپ ئويلاپ تىت - تىت بولۇپ تۇرۇۋۇشۇمغا ، ئەخمەت

هارغىن قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدى ۋە ياشانغان ئايالغا بىر تۇتام پۇلنى سۇنۇپ :

— ئانا ، 320 يۈەن پۇلىڭىز مانا ، ئەمدى دوختۇرخانىغا بېرىۋېرىڭ ، — دېدى . ئايال بىرپەس داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى ، ئاندىن ئەخمەتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ، يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ كەينى - كەينىدىن رەھمەت ئېيتىشقا باشلىدى . مەنمۇ بۇ ھاياجانلىق كۆرۈنۈشتىن تەسىرلىنىپ تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدىم . ئەخمەت يېنىمغا كېلىپ بىر ئىستاكان پىۋىنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپ ئۇھ تارتىۋەتتى - دە ، سۆز باشلىدى :

— بىز يانچۇقچىلارنىڭمۇ ئۆزىمىزگە خاس پرىنسىپ ، بەلگىلىمىمىز بار . كۆپىنچىمىزنىڭ بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن بولغاچقا ، خېلى ئاڭلىق ئىش قىلىمىز . بۇ دېگىنىم ، يېزىدىن كىرگەن دېھقانلارنىڭ ، نامرات ، ئاجىز ، مېيىپلارنىڭ ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ، تۆۋەن قاتلامدىكى ھالال نىيەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۇلىنى مۇمكىن بار ئوغرىلىمايمىز . يېگىنى ئىچكىنى تېپىپ ، قىلىدىغان قىلىق تاپالمايۋاتقان بايۋەچچىلەرنىڭكىنى ، توغرا يولدا ماڭماي ئاتا - ئانىسىنى قاقشىتىۋاتقان قىز - چوكانلارنىڭكىنى ، ئىدارىسىنى شىلىپ يەيدىغان تەكەببۇر خىزمەتچىلەرنىڭكىنى ، ئىشقىلىپ ، پۇللىرىنى ئانچە - مۇنچە ئوغرىغا بەرگەنگە يېنى خوراپ قالمايدىغان تېگى چىڭلارنىڭكىنى كۆپرەك ئوغرىلايمىز . بۇ جەھەتتە بىز تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن ، كۆزىمىز ناھايىتى ئۆتكۈر . سىزگە خۇشامەت قىلغىنىم ئەمەس ، ئوقۇتقۇچىلار دۇنيا بويىچە مائاشىنى ئەڭ ھالاللاپ ئالىدىغانلار مىكىن دەيمەن . گەرچە يانچۇقچى بولساممۇ ، سىزلەرنىڭ تەربىيىڭىزلەر قەلبىمدە ئورنىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئازراق بولسىمۇ ئاق - قارىنى ، ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىپ ياشاۋاتىمەن .

— بۇ ئايالنىڭ پۇلىنى قانداق تېپىپ ئەكەلدىڭ ؟ — دېدىممەن ھەيران بولۇپ .

— بىز يانچۇقچىلار ئاپتوبۇسلارنى ئوقەت قىلىش دائىرىسى قىلىپ بۆلۈشۈۋالغان ، بىرىمىزنىڭ دائىرىسىگە يەنە بىرىمىز كىرمەيمىز . مەن ئا-يالىنىڭ سۆزلىرىدىن پۇلنى ئوغرىلىغان يانچۇقچىنىڭ قايسى يولدا ئىكەنلىكىنى ، قوللانغان ئۇسۇلى ۋە دېھقان ئايالنى قاقتى - سوقتى قىلغان-لىقىدىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دەرھاللا بىلىۋالدىم . ئۇ بۇ كەسىپكە يېڭىلا كىرگەن سويما ئىدى ، قولغا چۈشۈرگەن مالنى بىر تەرەپ قىلىش-قىمۇ ئۈلگۈرمىگەن ئىكەن ...

مەن ئەخمەتنىڭ سۆزلىرىدىن ھەيران قالدىم ، قەلبىمدە بىر خىل مەجھۇل ھاياجان دەۋرىمەكتە ئىدى . ئەخمەت راستىنلا ئايالنىڭ ئۆز پۇ-لىنى ئەكېلىپ بەرگەن بولسۇن ياكى باشقا بىرىنىڭكىنى ئوغرىلىغان بولسۇن ۋە ياكى ئۆز يانچۇقىدىكى پۇلنى چىقىرىپ بەرگەن بولسۇن ، ساددا ، ئاق كۆڭۈل ئايالنىڭ چىن كۆڭلىدىن ئېيتقان رەھمىتى قەلبىمنى لەرزىگە سالغان ئىدى . ئەخمەتنىڭ يانچۇقچى ئىكەنلىكىنى ئىختىيارسىز ئۇنتۇپ ، ئۇنىڭ ئۆز يېشىغا ماس بولمىغان سالماق ۋە تەمكىن قىياپىتىگە ، ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان سۆزلىرىگە ، بىر قارىغان كىشىگە غەرەزسىز كۆ-رۈنىدىغان قاپقارا كۆزلىرىگە مەھلىيا بولۇپ قېلىۋاتاتتىم ...

ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقا ، قايتىشقا تەرەددۇتلاندىم . ئەخمەت ئۇنىمىغىنىمغا قويماي ، مېنى بىكەتكىچە ئۇزىتىپ قويىمەن دەپ ماڭدى . ئىككىمىز باغچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، ئەخمەت مېنى نوقۇپ ، باغچا ئىچىدىكى چىملىقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر جۈپ قىز - يىگىتنى كۆرسەتتى . يىگىت بويىنىغا ، مودىسىگە بىرنەچچە فوتو ئاپپارات ئېسىۋالغان ، يېنىغا بىر سىنئالغۇنى قويۇۋالغان بولۇپ ، قىزنى قۇچاقلىغىنىچە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى .

— قاراڭ ئۇنىڭ مازىلىقىنى ، — دېدى ئەخمەت يىگىتنى ئىما قىلىپ چىشىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ، — بايلىقىنى كۆز - كۆز قىلىپ تىرىسىگە سىغماي قالغىنىنى . مۇئەللىم ، سىز مەشەدە 10 مىنۇت ساقلاپ تۇرۇڭ ، مەن ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئاپپاراتىدىن بىرنى سوقۇپ كېلەي ، ئاندىن ئۇنىڭ

تاماشاسىنى كۆرىمىز . ئاپپاراتنى سىزگە بەرسەم ، يېزىغا ئالغاچ كەتسىڭىز ئازادە ئىشلىتەلەيسىز .

مەن ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن چۆچۈپ كەتتىم ۋە ئۇنى دەرھال توسۇپ:

— ياق - ياق ، ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلما ، بۇنداق قىلساڭ مەن ھازىرلا كېتىمەن ، مېنى ئارامخۇدا ماڭغىلى قوي ، — دېدىمەن ئەتراپىمغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ .

— ئەتتىگىنەي ، ھازىر يېنىمدا سىز بولۇپ قالدىڭىز - دە ، بولمىسا بۇ سۆلەتۋازنى قاق سەنەم قىلىۋېتەتتىم ، — ئەخمەت شۇنداق دېگىنىچە قوللىرىنى ئىشقىلاپ كەينىمدىن ماڭدى . شۇنداق قىلىپ ، ئەخمەت مېنى ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى .

ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ ، گىرەلىشىپ كەتكەن تۇيغۇلىرىمدىن بىرەر مەنە چىقىرىشقا ئۇرۇندۇم . بىردە كۆز ئالدىمدا ئەخ-مەتنىڭ ھېچقانداق ئىپادىنى بىلگىلى بولمايدىغان قاپقارا ، تىنىق كۆزلىرى زاھىر بولسا ، بىردە ياشانغان ئايالنىڭ ئەخمەتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋې-لىپ تۆكۈلگىنىچە ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈۋاتقان قىياپىتى ئايان بولاتتى . بىردە قۇلىقىمغا كىملەرنىڭدۇر پۇلىنى يېتتۈرۈپ قويغاندىكى داد - پەريادلىرى ئاڭلانغاندەك بولسا ، بىردە ئەخمەتنىڭ كىملەردىندۇر تاياق يەپ ئىڭراشلىرى ئاڭلانغاندەك بولاتتى .

# ماڭا سۇ بېرىڭلار

يـەنـە شۇ هاراق پۇرىـقى . قـاڭسـىق ، ئاچچـىق ، ئادەمنى سەسكەنـدۈرىـدىغان پۇراق ، رەڭسىز ، قىرتاق ، سۇپسۇزۇك سۇيۇقلۇق . هەدەپ ئۇچـۇشـقا بـاشـلـىدىـم ، ئۇچۇۋاتـىـمەن ، ئۇچۇۋاتىمەن . هەممە نـەرسـە ــ كـارىـۋاتلار ، شـىپشىلەر ، رومكىلار ئۇچۇشقا باشلىدى ... يۈزۈم تـارتىشتى ، قوۋۇزلىرىم كۆپتى ، كۆزلىرىم قىسىلدى ، گويا بىر پارچە چوغ ئاۋۋال تـىلىمنى ، لەۋلىرىمنى ، ئاندىن گېلىمنى كۆيدۈرۈپ ، تېز سۈرئەتتە ئاشـقازىنىمغا كىرىپ كەتتى . سوغۇق سۇغا يېپىشتىم . كۆز ئالدىمدا هەممە نـەرسـە ئايـلىنىۋاتاتتى . ساڭگىلىغان باشلار ، قىزارغان كۆزلەر ، هەرخىل شەكـىـلـدە ئېچىلىپ ـ يۇمۇلۇۋاتقان ئېغىزلار . زادى ئىچكۈم يوق ئىدى ، بـىراق ئىچمىسەم بولمايتتى ، زەهەرمۇ بۇنداق ئاچچىق بولماس . سۇ ، سۇ ! ئەستا ، سۇ نەگە كەتتى ؟ بىرسىنىڭ قولىدىن كورۇشكىنى يۇلۇپ ئالدىم . ئۇھ ...

بېشىم بارغانچە ئېغىرلىشىپ ، تىلىپ كالۋالىشىۋاتاتتى . يېنىمدىكى بـىرسىنى قۇچاقلاپ ، قەلبىمنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم ، تېخى هاياجانـلـىنـىـپ كېتىپ يۈزىگە سۆيۈپمۇ قويدۇم . بىر چاغدا قارىسام ، ئۇ يوتامنى سـىـلـىغىلى تۇرۇپتۇ . بېشىمنى مەيدەمگىچە ساڭگىلىتىۋېلىپ خىيالغا چۆكـۈپ كـەتـتـىم . ۋاراڭ ـ چـۇرۇڭلار ، ۋارقىراشلار ، كۈلۈشلەر قۇلىقىمغا كـىـرىـپ تـۇراتتى . كاللامغا « هېلىقى » كىرىۋالاتتى . ئۇنىڭ چوقچىيىپ تـۇرغـان كـۆكسى ، يۇمىلاق ، تولغان ساغرىسى ... مەن ئۇنى تونۇمايتتىم ،

بىراق بىز پات - پات ئۇچرىشىپ قالاتتۇق. بۈگۈن تېخى ئۇ پادىچىلار ئىشتىنى كىيىۋاپتىكەن، كەينىدىن ساغرىسىغا قارىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئىشتانىغا ھەممىدە كەلگەن ساغرىسى ھەربىر قەدەم ئالغاندا ئىككى تەرەپكە چايقىلىپ يۈرىكىمنى سۇ قىلىۋەتتى.

پۇتلىرىم ئۆزۈمگە زادى بويسۇنمايۋاتاتتى. ئاخىر ئۇنىڭ سىنىپىنى تاپتىم ۋە ئىشىكنى چېكىپ قويۇپ تامغا يۆلەنگىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. تاق، تاق، تاق، رىتىملىق ئاياغ تىۋىشىدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى.

— كىمنى ئىزدەيسىز ؟

— ھېلىقى ...

ئىسمىنى بىلمەيتتىم. تەستە بېشىمنى كۆتۈردۈم، پاھ، ئال-دىمدا « ھېلىقى » تۇراتتى. دەل ئۆزى، چىپار پادىچىلار ئىشتىنى.

— سىزنى ...

ئۇ ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ تۇرۇۋەردى.

— ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى، بۇياققا چىقىڭە.

ئۇ خەۋپسىرىگەندەك كەينىگە قاراپ قويدى - دە، سىرتقا چىقتى. مەن ئىمكان بار ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ باغقا قاراپ ماڭدىم. « ھېلىقى » كەينىمدىن ئاستا ئەگەشتى.

— مەن ئىسمىڭىزنى بىلمىسەممۇ، سىزنى ياخشى تونۇيمەن. سىزگە كۆزۈم چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى.

« ھېلىقى » ئارچىغا يۆلەنگىنىچە ئۈنسىز قاراپ تۇرۇۋەردى. مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم.

— سىز مەست بولۇپ قاپسىز.

— ياق، مەن مەست ئەمەس.

ئۇنىڭ دىڭگىدە تۇرغان كۆكسى مېنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. ئۆزۈمنى زادى تۇتۇۋالالمىدىم - دە، ئۇنى كاپپىدە قۇچاقلىۋالدىم.

— ساراڭ !

ئۇ بىر يۇلقۇنۇپلا قېچىپ كەتتى. تاق، تاق، تاق ... ئۇنىڭ

ساغىرسى تېز ـ تېز دولقۇنلىنىپ كۆزدىن غايىب بولدى . ئەتراپىمدىكى هاۋانى كۈچەپ سۈمۈردۈم . ئاھ ، قىز ھىدى .

تەرىتىم قاتتىق قىستاپ كەتتى . ئارچىغا بېشىمنى تىرەپ تۇرۇپ تەستە كەمىرىمنى يەشتىم ـ دە ، شۇ يەرگىلا قويۇۋەتتىم .

نېمە تۈگىمەيدىغان پەلەمپەي بۇ ، پۇتۇمغا تاش ئېسىپ قويغاندەك . يەنە شۇ قاڭسىق پۇراق ، ئوتتەك قىزىق ، لازىدىن ئاچچىق ... يەنە ئۇچۇشقا باشلىدىم . ئۇچۇۋېرىپ بېشىم ئالدىمدىكى ئۇستەلنىڭ قىرىغا تاقىلىدە تەگدى . ئازراق ئېسىمگە كېلىپ بېشىمنى كۆتۈردۈم ، يەنە شۇ ئېسىلگەن يۈزلەر ، كۆپۈك قايناۋاتقان ئېغىزلار ... بولدىلا ، ئۆزۈمنىڭ دۈنياسىدا ياشاۋېرەي ...

مېڭىۋېرىپ قۇملۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاپتىمەن . قاتتىق ئۇسساپ كەتتىم . بىر چاغدا ئالدىمغا بىر بۇلاق ئۇچرىدى . سۈپسۈزۈك سۈيى ئوقچۇپ تۇرغان بۇلاق ، بۇلاقنىڭ بېشىدا لىققىدە سۇ قاچىلانغان چەينەك تۇراتتى . چەينەكنى ئېلىپلا سۇنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدىم . ئىچىۋەردىم ، لېكىن ھېچ ئۇسسۇزلۇقۇم قانمىدى ... بىرسى گېلىمنى بوغۇشقا باشلىدى ، دېمىم سىقىلىپ ، قاتتىق ھاسىراپ ئويغىنىپ كەتتىم . بېشىم غوڭۇلداپ ، ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىشقا باشلىدى . ئاغزىم تولىمۇ لاۋزىلىشىپ كەتكەن ئىدى . تۈكۈرۈكۈمنى ھەربىر يۇتسام ، گېلىم تىكەن جىجىپ ئۆتكەندەك ئاغرىيتتى . تىلىم تامىقىمغا چاپلىشىپ ، دېمىغىم پۇتۇپ ، نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى . ئېھ ، زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى . ماڭا سۇ بېرىڭلار ، سۇ ...



# قايىسىن دىلدار

سەن كۈندىكىدەك ئورنۇڭدىن ۋاقچە تۇردۇڭ. كۆزلىرىڭنى چاپاق باسقان، دىمىغىڭ پۈتۈپ كەتكەن ئىدى. ئاغزىڭ شۇ قەدەر لاۋزىلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، تۇكۇرۇكۇڭنى ھەربىر يۇتساڭ گېلىڭ تىكەن جىجىپ ئۆتكەندەك ئاغرىيتتى. ئورنۇڭدىن تەستە قوپۇپ ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كەلدىڭ ۋە ئاخشام ئېشىپ قالغان سوغۇق چايدىن غۇرتۇلدىتىپ ئىچتىڭ. ئۈستەل ئۈستىدە ئاخشامقى ئولتۇرۇشنىڭ ساقىندىلىرى: غاجاپ تاشلىۋېتىلگەن سۆڭەكلەر، قۇرۇقدىلىپ قالغان بوتۇلكا، سۇلياۋ خالتىلار، مىجىقلانغان تاماكا قېپى، گازىر ۋە مېۋە شۆپۈكلىرى قالايمىقان تاشلىنىپ ياتاتتى. بۇلغانغان ھاۋا سوغۇق ياتاقتا تىنۇشىسىز تىترەپ تۇرماقتا ئىدى. سەن دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ، كىيىملىرىڭنى كىيىشكە باشلىدىڭ. بېشىڭ غۇڭۇلداپ ئاغرىپ، سېنى ئۇيقۇ قىستاۋاتاتتى. يېتىپلا قالساڭ يەنە ئۇخلاپ قالاتتىڭ، بىراق ئىشقا بارمىساڭ بولمايتتى. كۈندىلىك ئادىتىڭ بويىچە ئەينەكنى قولۇڭغا ئېلىپ ئۆزۈڭگە توغرىلىدىڭ. ئەينەكتىكى ئەكسىڭ چاچلىرى پاقپايغان، كۆزلىرى قىزارغان، يۈزى ئىششىپ قالغاندەك كۆپچۈگەن، كالپۇكلىرى گەزلەشكەن ھالەتتە ساڭا قاراپ تۇراتتى. بىئارامىلىق ئىچىدە ئەينەكنى قويۇپ، سۇخانىغا چىقتىڭ ۋە شارقىراپ چۈشۈۋاتقان مۇزدەك سۇغا يۈزۈڭنى تۇتتۇڭ، ئاغزىڭنى قايتا - قايتا چايقىدىڭ، سوغۇق سۇ سېنى بىرئاز سەگىتكەندەك بولدى. چاچلىرىڭنى تاراپ ئىشقا ماڭدىڭ. قورسىقىڭ قىزىپ تۇرغاچقا، تاماق يېيىشنى

خالىمىدىڭ. سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسى، ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن كوچىلار مەيلىڭنى تارتالمىدى. غۇۋا چۈشتەك ئېسىڭدە قالغان ئاخشامقى ئىشلارنى ئەسلەشكە باشلىدىڭ. ئاخشام سەن تاماق يەپ كېلىپ ئەمدى بىرنەرسە يازاي دەپ ئولتۇرۇشۇڭغا، بىر دوستۇڭ «ساۋاقداشلىرىم» دەپ ئىككى قىزنى باشلاپ كىردى. سىلەر تېزلا چاققانغىنا بىر سورۇن تۈزدۈڭلار. كۈلكە - چاقچاق، ئىچىشمەك ئىچىدە سورۇن بارغانچە قىزىدى. سېنىڭ قىزلار ئىچىدىكى بوتا كۆزلۈك، زىلۋا بىرىگە كۆزۈڭ چۈشۈپ قالدى. لېكىن، ئاغىنەڭ ساڭا ھەدەپ ئۇنىڭ يېنىدىكى قىزنى كۆرسىتىپ شەرەت قىلىشقا باشلىدى. سەن ئارامسىزلىنىپ ھاراقنى كۆپرەك ئىچىپ سالدىڭ. بىر چاغدا ئاغىنەڭ نېمىنىدۇر باھانە قىلىپ، بوتا كۆزلۈك قىز بىلەن بىرگە چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قېپقالغان قىزغا نېمىلەرنى دېگەنلىكىڭ، ئاراڭلاردا نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيتتىڭ. پەقەت قىزنىڭ چاڭگىلىڭدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىققانلىقى ۋە بۈگۈن ئاخشام كىنوخانىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشۈشكە ۋەدە بەرگەنلىكى خىرە ئېسىڭدە قالغان ئىدى. سەن قايتىپ كىرىپ ئېشىپ قالغان ھاراقنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋەتكەن ئىدىڭ. كەچتە ئۇ قىز بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلاپ ئىستىھزالىق كۈلۈپ قويدۇڭ، بەلكىم ھازىر ئۇ قىزنى بىر يەردە كۆرسەڭمۇ تونۇيالماسلىقىڭ مۇمكىن ئىدى.

ئىشخانىغا كىرىپ ئۈستىلىڭنىڭ ئالدىغا كەلدىڭ، خىزمەتداشلىرىڭ ئاللىقاچان ئىشقا چۈشۈپ بولغان، ئىشخانىدا قەغەزنىڭ تەرتىپسىز شىرىقلىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئورنۇڭدا ئولتۇرۇپ ماتېرىياللارنى كۆرۈشكە باشلىدىڭ. زىممەڭدە بىر خۇلاسە دوكلاتى يېزىش ۋەزىپىسى بار ئىدى. ھېچقانداق يېڭىلىقى بولمىغان قېلىپلىق جۈملىلەر، تەكرار - تەكرار چاينىلىپ تەمى قالمىغان سىياسىي ئىبارىلەر سېنى تېخىمۇ روھسىزلاندۇردى. قورسىقىڭ قىزىپ، قۇرۇق ھۆ قىلىشقا باشلىدىڭ. بىئاراملىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ماتېرىيال يېزىشنى ئەتىگە قويۇپ، يەنە سىرتقا چىقتىڭ. خىياللار، تۈگىمەس خىياللار سېنى ئۆز

ئىلكىگە ئالدى .

سەن ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ ، ئىمتىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپكە چىقتىڭ . بىر يىلدىن كېيىن چەت ناھىيىلىك بىر قىز ساۋاقدىشىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قالدىڭ . ئۈچ يىللىق مۇھەببەت مۇساپەڭلەردە نۇرغۇن شېرىن ئەسلىمىلەر ، ئۇنتۇلماس كەچمىشلەر خاتىرە بولۇپ قالدى . قارا كۆزلۈك ، ئوماققىنا كەلگەن بۇ ئاق كۆڭۈل قىز ساڭا پۈتكۈل مۇھەببىتىنى ، بارلىقىنى بېغىشلىدى . ئۇنىڭ ئوتلۇق بېقىشلىرى ، ئوقچۇپ تۇرۇپ سۆيۈشلىرى سېنى نۇرغۇن قېتىم ھاياجانغا سالغان ئىدى . بىراق ، سېنىڭ مىسكىن تەبىئىتىڭ سەۋەبىدىن ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان چاغلاردىمۇ روھىي جەھەتتىن بىرنەرسە كەمدەك ھېس قىلاتتىڭ . بەزىدە سۆيگىنىڭنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشلىرىدىن پۈتۈنلەي مەست بولۇپ بەخت پەيزىگە چۆمۈلسەڭ ، بەزىدە ئۇنىڭ سۆيۈشلىرى شۇ قەدەر سوغۇق ۋە يات تۇيۇلۇپ ، ئۆز - ئۆزۈڭدىن قورقۇنچقا چۈشەتتىڭ . شۇ سەۋەبتىنمىكىن ، سەن بۇ قىزنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىگە ، سەممىي ئەقىدىسىگە دەل جايىدا جاۋاب قايتۇرالمىدىڭ . شاراب لەززىتى بىلەن شىر كەيپ بولۇپ ، ساياق قىزلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىڭ . سۆيگىنىڭ قاپقارا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئۆتۈنگەندە ، ئۇنى خالىغانچە ھاقارەتلىدىڭ ، خورلىدىڭ . ناھايەت ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە ، تەنھالىق ئازابى جېنىڭغا خەنجەردەك پاتقاندا ، سۆيگىنىڭنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈشكە باشلىدى . چەكسىز ئازاب ئىچىدە ئۇنى سېغىندىڭ ، چۈشەكىدىڭ ، چاقىردىڭ . ئەپسۇس ، ئۇ بەكمۇ يىراقتا قالغان ئىدى .

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن يىراق سەھرادىكى يۇرتۇڭغا قايتماي ، شەھەردە قېپقالدىڭ . مۇشۇ ئىدارىدا كاتىپلىق خىزمىتىگە ئورۇنلاشقان ئىككى يىلدىن بۇيان ، تىرىشىپ ئىشلەپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتىڭ . بىراق ، سېنى ھېچنېمە ، ھېچكىم خۇش قىلالمىدى . گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان نۇرغۇن ئەسەرلىرىڭ كۆپچىلىكنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى . ئەتراپىتىكىلىرىڭ سېنى ھۆرمەتلەيتتى ، ئېغىر - بېسىق ،

توغرا پىكىرلىك، ئىستىقباللىق ياش دەپ تەرىپلىشەتتى. دېمىسمۇ سەن ئاممىۋى سورۇنلاردا ئادەتتە مۇناسىۋەتكە ناھايىتى دىققەت قىلاتتىڭ. روھىيىتىڭدىكى داۋالغۇشلارنى سىرتقا پەقەت بىلدۈرمەيتتىڭ. باشقىلار سېنى دۇرۇس ئادەم سۈپىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئالغاندا، سەن پەقەت ئازابلىق كۈلۈپ قوياتتىڭ. ئۇلار سېنى چۈشەنمەيتتى، كۆكرەك قەپىسىڭدىكى مىسكىنلىك قاپلىغان كىچىككىنە، دەردمەن يۈرىكىڭنى چۈشەنمەيتتى. سەن ئۆز - ئۆزۈڭنى ئىنكار قىلاتتىڭ، ئۆز - ئۆزۈڭدىن نەپرەتلىنەتتىڭ. گۈزەل مەكتەپ ھاياتى بىلەن روشەن پەرقلىنىدىغان، كەسكىن زىددىيەتكە تولغان تۇرمۇش، ئىنتايىن رەڭدار، ئەمما ياسالمىلىق، مەنپەئەتپەرەسلىك بىلەن تويۇنغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر، قان - قېنىڭغا سىڭىپ كەتكەن مىسكىنلىك، غېرىبلىق سېنى شاللاق، چېچىلاڭغۇ ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ھەددىدىن ئارتۇق ئىچىلگەن ئىچىملىك زېھنىڭنى خوراتماقتا ئىدى. سەن داۋاملىق خىيالىي ياشايتتىڭ، كوچىدىن ئۆتكەن ھەربىر قىزغا سىنچىلاپ قارايتتىڭ ۋە ئۇلارنى قىپيالىڭاچ ھالدا تەسەۋۋۇر قىلاتتىڭ، خىياللىرىڭ شۇ قەدەر چىگىش، كۈلكىلىك ۋە ھاياسىز ئىدى. ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم، بەزىدە ئايدا بىر قېتىم ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، سەھرادىكى ئۆيۈڭگە باراتتىڭ. كۆز يەتكۈسىز تەكلىكلەرنى، سۈپسۈزۈك ئېقىنلارنى، ياپيېشىل ئېكىنزارلىقلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈڭ بىرئاز ئېچىلىپ قالغاندەك بولاتتى. غەمسىز بالىلىقىڭ ئېسىڭگە چۈشۈپ، بار ئاۋازىڭ بىلەن ۋارقىرىغۇڭ، چىمەنلەرنى قۇچاقلاپ موللاق ئاتقۇڭ كېلەتتى، خىلۋەتتىكى ئورماندا يالغۇز سوزۇلۇپ ياتاتتىڭ. سۆيگىنىڭ بىلەن خىيالىي كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، ئۇنىڭغا ئېتىزلارنى، تەكلىكلەرنى كۆرسىتەتتىڭ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈزۈم ئۈزەتتىڭ، ئېتىز، خامانلاردا ئىشلەيتتىڭ. قەلبىڭ شېرىن خىياللارغا چۆمۈلەتتى. خىيالىي مەستخۇشلۇقتىن كۆزۈڭ يۇمۇلاتتى. كۆزۈڭنى ئاچساڭلا ھۇۋلاپ تۇرغان يالغۇزلۇق سېنى رېئاللىققا قايتۇرۇپ كېلەتتى. چۆچۈپ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارايتتىڭ، يېنىڭدا ھېچكىم يوق

ئىدى . قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى . سالپىيىپ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ، بوك دەرەخلىك ئىچىدىكى كۆل بويىغا كېلەتتىڭ ۋە يالڭاچلىنىپ سۇغا چۆمۈلەتتىڭ ، ئاپتاپقا قاقلىناتتىڭ ، پۇتكۈل ئازابلىرىڭنى ، قەلبىڭدىكى پۇتكۈل كىر - داغلارنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىشكە ، قۇرۇتۇپ چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇناتتىڭ . ئادەتتە ھەر خىل يىغىلىشلاردا ناھايىتى ئاز پىكىر قىلاتتىڭ ، پىكىر قىلىپ قالساڭلا چوقۇم ئاڭلىغۇچىلارنى قايىل قىلاتتىڭ . مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئەتراپلىق بىلىمىڭ ، مول تۇرمۇش تەجرىبەڭ ساڭا كۆپ ئەسقاتاتتى . بىراق ، سەن ئۆزۈڭنى دەل ئاشۇنداق كۆپ ئۆگىنىش ، كۆپ مۇلاھىزە قىلىشتىن مۇشۇنداق غەلىتە روھىي كەيپىياتقا ئىگە « بىمەنە پەيلاسوپ »قا ئايلىنىپ قالغانمەن ، دەپ تونۇيتتۇڭ .

سورۇنلاردا داۋاملىق سەن ساقىي بولاتتىڭ . دوستلىرىڭنى ، سورۇن ئەھلىنى ھەر خىل چاقچاق ، قوشاق ، لەتىپىلەر بىلەن راسا كۈلدۈرەتتىڭ ، ئۆزۈڭمۇ قانغۇچە كۈلەتتىڭ ، ھەسرەت - ئازابلىرىڭ بىردەملىك ئۇنتۇلغاندەك بولاتتى . ھاراقنى ئىنتايىن كۆپ ئىچەتتىڭ ، بىراق ئاسان مەست بولمايتتىڭ ، ئۈلپەتلىرىڭ مەست - ئەلەس ھالەتتە سۇنايلىنىپ يېتىپ قالاتتى . مەستخۇش كۆزلىرىڭ بىلەن ھەممە نەرسىگە سوغۇق نەزەر سالغانچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قالاتتىڭ . غېرىبلىق ، مىسكىنلىق سېنى يەنە ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالاتتى . يىراقتا قېپقالغان مەھبۇبەڭ غەمكىن كۆزلىرىنى تىككىنىچە ئالدىڭدا زاھىر بولاتتى . سېنى بىردىنلا يىغا قىستايتتى ، بىراق يىغلىيالمايتتىڭ . نېمىشقىكىن ، كۆزۈڭدىن ئاسان ياش چىقمايتتى . قوللىرىڭ بىلەن چېچىڭنى مەھكەم قاماللايتتىڭ ، چىشلىرىڭ كىرىشەتتى . بۇنداق ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تامنى مۇشتلايتتىڭ ، بېشىڭنى قاتتىق سىلكىيتتىڭ ، كېيىن ئاستا - ئاستا تىنچلىنىپ ، كارىۋاتقا قىڭغايغانچە يېتىپ قالاتتىڭ . بەزى ۋاقىتلاردا ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ ، دوستلىرىڭ بىلەن قىزغىن مۇنازىرىگە چۈشۈپ كېتەتتىڭ . بۇنداق چاغلاردا شۇنچىلىك قىزىپ توختىماي سۆزلەپ كېتەتتىڭكى ، دوستلىرىڭ

سىڭنىڭ بىمەنە قاراشلىرىڭنى قوبۇل قىلالماي ، ئاخىر « سىنىڭ راست » دەپ مۇنازىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولاتتى .

ئادەم دۇنياغا يالغۇز يارىلىدۇ ۋە دۇنيادا مەڭگۈ يالغۇز ياشاپ ئۆتىدۇ . ھايات مۇساپىسىدە بىزگە ئاتا ـ ئانا ، ئاكا ـ ئۇكا ، خوتۇن ـ پەرزەنت قاتارلىقلار ۋاقىتلىق ھەمراھ بولىسمۇ ، بىز بىلەن ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ، ئائىلىۋى تۇرمۇش مۇناسىۋىتىدىلا ھەمراھ بولىدۇ . روھىي جەھەتتىن بولسا ئادەم پەقەت ئۆزىگە ئۆزى ھەمراھ بولۇپلا ئۆتىدۇ . ئادەم مۇرەككەپ ، تەسۋىرلىگۈسىز كۆپ قىرلىققا ئىگە مەنىۋىيىتى ، ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان روھىي دۇنياسى ئارقىلىقلا شۇ ئۇلۇغ نامغا مۇشەررەپ بولالىغان . بۇ خىل مەنىۋىيەت بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ھېچنېمىگە ئورتاق بولمىغان ، ھېچنېمىگە تەڭداش بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ .

ئالىي مەكتەپتىكى سۆيگىنىمىڭ سەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان ئىدى . ئۇنىڭ ھەربىر قىلىقى ، ھەرىكىتى ، كۈلۈشلىرى ، قىسقىسى ھەربىر قىياپىتى يۈرىكىڭگە تامغىدەك ئورناپ كەتكەن ئىدى . ئۇنىڭ ھاياتىڭدىكى سالمىقىنى ئەمدىلا چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدىڭ . ئۇنىڭ بىلەن خىيالىي مۇڭدىشاتتىڭ . ماگىزىنلارنىڭ ئىشىكلىرىدىن ، ئاپتوبۇس ، ماشىنىلاردىن ، ئېتىزلىق ئارىسىدىكى يوللاردىن ئۇ تۇيۇقسىز چىقىپ كېلىدىغاندەك ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرەتتىڭ . ئۇنىڭغا بارلىق دەرد ـ ھەسرىتىڭنى ئۇنىسىز بايان قىلاتتىڭ . ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قويغان يولسىز تەلەپلىرىڭنى ، قىلغان قوپاللىقلىرىڭنى ئويلاپ پۇشايمان قىلاتتىڭ ، ئازابلىناتتىڭ . سۆيگىنىڭ ئالدىڭدا داۋاملىق مۇڭلۇق ، ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن ساڭا تىكىلىپ تۇراتتى ، بۇدرۇق قوللىرى بىلەن بېشىڭنى سىلايتتى ، يۇمران لەۋلىرىنى يىمىرىپ كۈلۈمسىرەيتتى . ئۇنىڭ ئوقچۇپ سۆيۈشلىرى ، ھاياجانلىق تىنىقلىرى ئەتراپىڭدا لەيلەپ يۈرگەندەكلا قىلاتتى . ئۇنىڭ ئىسمىنى خاتىرە ، كىتابلىرىڭنىڭ مۇقاۋىلىرىغا ، يېزىق ئۈستىلىڭنىڭ يۈزىگە ، ھەتتا قول ۋە بەدەنلىرىڭگە ئىختىيارسىز يېزىپ سالاتتىڭ . ئۇنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش بىر ئىسمنى ئاڭلىساڭ ، ئالاھىدە

دىققەت قىلىپ كېتەتتىڭ. ياتىقىڭدا يالغۇز قالساڭلا، ئالىي مەكتەپتە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكەن ئاجايىپ شېرىن خاتىرىلەر ئېسىڭگە چۈشەتتى. ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىنتايىن مەخپىي، ئەمما ئاجايىپ رومانتىك بىر ئىش مەڭگۈ ئېسىڭدىن چىقمايتتى. ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە سەن تەنتەربىيە دەرسىدە 1000 مېتىرغا يۈگۈرۈش ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدىڭ. قايتا ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ مەشىق قىلىشىڭغا توغرا كېلەتتى. بىراق، دۇنيادا سەن ئەڭ خالىمايدىغان ۋە قورقىدىغان ئىش تاڭ سەھەردە ئورنۇڭدىن تۇرۇش ئىدى. ئاخشىمى ياتاقتا ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قانچە قېتىملاپ قەسەم ۋە ئەھدە قىلىپ، مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ياتساڭمۇ، ئەتىسى تاڭ سەھەردە يەنىلا ئورنۇڭدىن تۇرالمايتتىڭ. شۇڭا، دائىم ئەتىگەنلىك گىمناستىكىغا چىقالماي جەرىمانە تۆلەيتتىڭ. بەزىدە دەرسكىمۇ كېچىكىپ قالاتتىڭ. سۆيگىنىڭ بۇ ئەھۋالنى بىلىدىغان بولغاچقا، ساڭا ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك بىر ئەقىلنى كۆرسەتتى. سەن ئۇ كۆرسەتكەن ئەقىلنى ئاڭلاپ ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتتىڭ. سېنىڭ ياتىقىڭ ئوغۇللار ياتاق بىناسىنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدە بولۇپ، دېرىزە تەرەپتىكى ئىككى قەۋەتلىك كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ياتاتتىڭ. سەن ئۇزۇن بىر تانا تەييارلاپ، بىر ئۇچىغا كىچىك بىر تاشنى چىگىپ كۆرپەڭنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويىدىغان، ئاخشىمى ياتاقداشلىرىڭ ئۇخلاپ بولغاندا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي تانىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى پۇتۇڭغا چىگىپ، تاش ئېسىلغان ئۇچىنى دېرىزىدىن پەسكە ساڭگىلىتىپ قويىدىغان، سۆيگىنىڭ تاڭ سەھەردە بىنانىڭ يېنىغا كېلىپ تاشنى تارتىپ سېنى ئويغىتىپ بىللە مەشىق قىلىدىغانغا كېلىشتىڭلار. بۇ سىرلىق ۋە رومانتىك پىلان سېنى ئىنتايىن قىزىقتۇردى. بۇنىڭ بىلەن سەن ئىختىيارسىز كۈندە ئورنۇڭدىن سەھەر تۇردۇڭ ۋە سۆيگىنىڭنىڭ دائىم ساڭا ھەمراھ بولۇپ مەشىق قىلىشى بىلەن ئاخىر ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتتىڭ...

دوستلىرىڭ، خىزمەتداشلىرىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى، ئۆزۈڭنىڭ كەيپىلىكتىكى چاڭقاقلىقىڭ ئارقىلىق خېلى كۆپ قىزلار بىلەن تونۇشۇپ،

ئارىلىشىپ باقتىڭ. لېكىن، ھېچبىر قىز ساڭا ئۇ بەرگەن مۇھەببەتنى بېرەلمىدى. ھېچقانداق قىز ئۇ سېنى چۈشەنگەندەك چۈشەنمىدى. سەن جەمئىيەتتىكى ئابرۇيۇڭ، قابىلىيىتىڭ ۋە ئورنۇڭ بىلەن خېلى تەمەلەرنى قىلغان ئىدىڭ. ئەپسۇس، ساڭا ياققۇدەك بىرمۇ سەممىي، ئاق كۆڭۈل قىز ئۇچرىمىدى. سېنى ھېچكىم ئۇ قەدىرلىگەندەك قەدىرلىمىدى. سېنىڭ مۇرەككەپ زىددىيەتكە، چىدىغۇسىز مىسكىنلىككە تولغان قەلبىڭنى پەقەت سۆيگىنىڭلا چۈشىنەتتى، قەدىرلەيتتى. سۆيگىنىڭلا يولسىز تەلەپلىرىڭنى، بىمەنە تەسەۋۋۇرلىرىڭنى ئاڭلايتتى، ئۇنىڭغا ئورتاقلىشاتتى. ئەپسۇس، بۇ يەردە قىزلار ساڭا باشقا نۇرغۇن يىگىتلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەكلا مۇئامىلە قىلدى. باشقا يىگىتلەردىن قانداق مۇھەببەت كۈتكەن بولسا، سەندىنمۇ شۇنداق مۇھەببەت كۈتتى. سەن كۆپىنچە مۇنداق رومانتىك خىياللاردا بولاتتىڭ: تۇيۇقسىز قەيەردىدۇر تۇرۇپ نامىڭنى ئاڭلىغان بىر قىز سېنى ئىزدەپ كېلەتتى، سېنى چۈشىنىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. تۇيۇقسىز بىر ئاق كۆڭۈل، ئوماق قىز ساڭا تېلېفون قىلىپ، ئۇزاقتىن بېرى سېنى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. تېلېفونىڭ جىرىڭلىسا، ئىشىكىڭ چېكىلسە، يۈرىكىڭ جىغىلدايتتى. بىراق، ساڭا ھېچقانداق ناتونۇش قىز تېلېفون قىلمىدى، ھېچكىم سېنى ئىزدەپ كەلمىدى. كۈنلىرىڭ كۈتۈش، تاقەتسىزلىنىش، بىئاراملىق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى.

كوچىدا ئۇچراشقان چىرايلىق قىزلارنى تەسەۋۋۇرۇڭدىكى قىزغا ئوخشىتاتتىڭ، بىراق ئۇلار بىلەن نۇرغۇن بەدەل تۆلەپ تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭمۇ ئەڭ ئادەتتىكى قىزلار، ھەتتا چاكىنا قىزلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالاتتىڭ، ئەپسۇسلىناتتىڭ، ھەسرەتلىنەتتىڭ. ئۆزۈڭ خېلى ياخشى تونۇيدىغان چىرايلىق، ئېغىر - بېسىق بىر قىزغا كۆڭلۈڭنى ئىزھار قىلدىڭ، ئۇ سېنىڭ تەلىپىڭنى كەسكىن رەت قىلدى. سېنىڭ قەددى - قامىتىڭ، قابىلىيىتىڭ، ئابرۇيۇڭ ھېچنېمىگە دال بولالمىدى. سەن ئۇ قىزدىن نەپرەتلەندىڭ، ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ قالغان

بولسام ، ئۇ مېنى قۇتقۇزۇپ قالغان بولاتتى دەپ ئۇنىڭدىن ئاغرىنىدىڭ . يەنە بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ ، تېزلا ئىچەكىشىپ كەتتىڭلار ، ھېسسىياتچان بۇ قىز قارشىلىقسىزلا بوينۇڭغا گىرە سالدى . سەن ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇنىڭدىنمۇ مۇناسىۋەتنى ئۈزدۈڭ . چۈنكى ، ئۇ قىز ساڭا شاللاق ، تۇتۇرۇقسىز بولۇپ تۇيۇلدى .

پۈتۈن روھىڭنى ، ئەتراپىڭنى چۈشكۈنلۈك قاپلىغان ئىدى . سېنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوقتەك ، سېنى ھېچكىم چۈشەنمەيدىغاندەك ، ھېچقانداق دوستۇڭ يوقتەك ھېس قىلاتتىڭ . ياتىقىڭ قالايمىقان ، رەتسىز ، ئۆزۈڭ ناخۇش يۈرەتتىڭ . ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئورنۇڭدىن ناھايىتى چۈشكۈن ، روھسىز تۇرۇپ ئەينەككە قارايتتىڭ . پاخپايغان چاچلىرىڭنى ، ئىسسىلگەن يۈزلىرىڭنى ، نۇرسىز كۆزلىرىڭنى كۆرۈپ تېخىمۇ بىئارام بولاتتىڭ . ياتاقتا يېگۈدەك بىرنەرسە يوق ئىدى . ھاپىلا - شاپىلا يۈزۈڭنى يۇيۇپ خىزمەتكە ماڭاتتىڭ . كۆپىنچە چۈشكىچە ئاچ قورساق يۈرۈپ ، چۈشلۈك تاماقنى بىراقلا يەيتتىڭ . كەچلىرى ياتاقتا جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكەتتىڭ . يا كىتاب ئوقۇغۇڭ كەلمەيتتى ، يا بىرنەرسە يازغۇڭ كەلمەيتتى . بىر خىل بىئاراملىق يۈرىكىڭنى قۇرتتەك غاجايتتى ، تىت - تىتلىق ئىچىدە ئىشىككە تەلمۈرەتتىڭ ، تۇيۇقسىز بىرى ، دەلىرەك ئېيتقاندا ، سۆيگىنىڭ كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كېلىدىغاندەك ھېس قىلاتتىڭ . دېرىزىنى ئېچىپ سىرتتىكى تىۋىشلارغا قۇلاق سالاتتىڭ ، سەزگۈرلۈكۈڭ ئالاھىدە ئېشىپ كېتەتتى . تامغا چاپلاپ قويغان ، سۆيگىنىڭگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان كىنو چولپىنىنىڭ يېرىم يالىڭاچ بەدىنىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلەتتىڭ . ئۇنىڭ قىپقىزىل لەۋلىرىگە ، سۈزۈك يۈزىگە لېۋىڭنى ئاستا ياقاتتىڭ . سوغۇق قەغەز لېۋىڭگە يېقىمسىز ئۇرۇلاتتى . چۆچۈپ ئەتراپقا قارايتتىڭ ، بىرى كۆزىتىپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىڭ ۋە سولاشقان ھالدا كارىۋاتقا قايتىپ كېلەتتىڭ .

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىڭدا مەكتەپ ئىچىدە ، كوچىلاردا سۆيگىنىڭ بىلەن يانمۇيان كېتىۋېتىپ ، نېمىشقىدۇر توپ -

توپ بولۇشۇپ كۆلكە ـ چاقچاق بىلەن كېتىۋاتقان يىگىتلەرگە ھەۋەس قىلىپ قالاتتىك . ئۆزۈڭنى مۇھەببەتلىشىپ كۆزگە كۆرۈنمەس بويۇنتۇ-رۇق ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ، قەپەس ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىڭ . سۆيگىنىڭ يوق چاغلاردا ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن كېتىۋېتىپ ئۆزۈڭنى شۇ قەدەر ئەركىن ، بەھۇزۇر ھېس قىلغان ئىدىڭ . مانا ئەمدى كوچىدا يالغۇز كېتىۋېتىپ ، جۈپ ـ جۈپ بولۇپ قولتۇقلىشىپ يۈرگەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنى كۆرۈپ بىردىنلا يۈرىكىڭ ئېچىشىپ كەتتى ، مېنىڭمۇ شۇنداق چاغلىرىم بولغانغۇ دەپ بىئارام بولدۇڭ . ئۇلارغا ھەۋەس ، ئىچى تارلىق بىلەن قاراپ قويدۇڭ . بىراق ، دەرھال بۇ پىكرىڭدىن يېنىپ ، بۇلارمۇ مەندەك ئويلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ، پۇزۇر ياسىنىپ ، غادىيىپ كېتىۋاتقان بىلەن ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار ، دەپ پەرەز قىلدىڭ . دېمەك ، تەنھالىقمۇ ئازاب ئىكەن ، جۈپلۈكمۇ ئازاب ئىكەن . ئاھ ، بۇ ئازابنىڭ چېكى بارمىدۇ ؟ !

كىنولاردىكى ، كىتابلاردىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ ئىچىگە ئۆزۈڭمۇ سەزمىگەن ھالدا ئېچكىرىلەپ كىرىپ كېتەتتىڭ . بۇ ۋەقەلىكلەر ئىچىدىكى گۈزەل ، نازاكەتلىك باش قەھرىمان قىز بىلەن ئاجايىپ رومانتىك ۋەقە-لەرنى بېشىڭدىن كەچۈرەتتىڭ . ئۇنىڭ بىلەن كۆپكۆك دېڭىز بويلىرىدا سۇغا چۆمۈلەتتىڭ ، سىرلىق ئورمانلىقلاردا ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارغا يولۇقاتتىڭ ، سېھىرلىك ھۇجرا ئىچىدە شېرىن مۇھەببەتكە غەرق بولاتتىڭ . ئەپسۇس ، ئېسىڭگە كەلسەڭ ، كىنو ئاللىقاچان تۈگىگەن ياكى قىرائەتخانىدا يالغۇز ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالغان بولاتتىڭ . تۇرمۇشتا مۇشۇنداق ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللىككە تولغان مۇھەببەت ، مۇشۇنداق قىزلار بارمىدۇ دەپ ئويلاپ كېتەتتىڭ ، بىراق تۇرمۇش بەكمۇ رەھىمسىز ۋە ئازابلىق ئىدى .

ھاراقمۇ ، دوستلىرىڭمۇ ، قىزلارمۇ سېنىڭ تەڭداشسىز ، يېگانە ئازابىڭغا تەسەللى بېرەلمەيتتى . بەزى ئاخشاملىرى چاپىنىڭغا مەھكەم ئورىنىپ ، قىزغۇچ چىراغ نۇرىغا پۈركىنىپ تۇرغان شەھەر كوچىلىرىدا

مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرەتتىڭ. كېچىيىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان ئادەمسىز، بوش كوچىلاردىن نېمىنىدۇر ئىزدەيتتىڭ، كىمنىدۇر كۈتەتتىڭ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەربىر ماشىنىدىن ئۇ كۈلۈمسىرەپ چۈشۈپ كېلىدىغاندەك ئۈمىد بىلەن تەلمۈرەتتىڭ. بىر قېتىم كوچا بويىدا تۇگۇلۈپ ياتقان بىر هاراقكەشكە تىكىلگىنىڭچە تۇرۇپ قالدىڭ، بەخىرامان شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بۇ كىشى سەندىن كۆپ بەختلىكتەك تۇيۇلدى. راست ئەمەسمۇ؟ سەن ئۇشۇقچە ئازابىنى ئۆزۈڭگە يۈكلەپ، پەيلاسوپلارچە ئايلىنىپ يۈرۈپسەن. سەن بىردىنلا: مەنمۇ مۇشۇ كىشىدەك هاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، ئەركىن - ئازادە يېتىپ باقسام - ھە، دەپ ئويلىدىڭ.

سەن پەقەت ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان يېزىقچىلىق بىلەن ھەسرەت - ئازابلىرىڭدىن بىردەم بولسىمۇ خالاس بولاتتىڭ. كىچىككىڭدىن ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلاتتىڭ، شۇڭا كېچە - كېچىلەپ ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرەتتىڭ، خاتىرە يازاتتىڭ. كەيپ ھالەتتە قايتقان ۋاقىتلىرىڭدا ھەسرەتلىك ئىلھام تۇرتكىسىدە خاتىرەڭنى يىغلاڭغۇ لىرىكىلار بىلەن توشقۇزاتتىڭ. ئالبۇمىڭنى ۋاراقلاپ، مەكتەپتىكى گۈزەل مەزگىللەرنى ئەسلەپ كېتەتتىڭ. سۆيگىنىڭنىڭ سۈرىتىگە سائەتلەپ تىكىلەتتىڭ. ئۇنىڭ جۇدالىق، سېغىنىش تېمىسىغا تۇرغان خەتلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇيتتىڭ.

يېزىدىكى ئۆيۈڭگە بارمىغىلى بىر ئايدىن ئاشقان ئىدى. بۇ قېتىمقى شەنبىدىن پايدىلىنىپ ئاتا - ئاناڭنى يوقلاپ كېلىشنى ئويلىدىڭ - دە، يولۇچىلار بېكىتىگە كەلدىڭ. سىلەرنىڭ يېزىغا بارىدىغان ئاپتوبۇس يولغا چىققاندا كۈن چۈشتىن قايرىلغان ئىدى. سەن ئۆيگە چۆمگەن ھالدا بېشىڭنى ئاپتوبۇس ئەينىكىگە تىرەپ، سىرتتىكى مەنزىرىلەرگە نەزەر سالدىڭ. ئاستا كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈۋاتقان كۆز مەنزىرىسى، قىستاپ كېلىۋاتقان شەھەر كوچىلىرى ساڭا ناھايىتى سوغۇق ۋە يات تۇيۇلدى. سارغىيىشقا باشلىغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئاسفالت يولغا

ئېرىنچەكلىك بىلەن لەيلەپ چۈشمەكتە ئىدى. ئاپتوبۇس قاتناش قىستاڭچىلىقىدىن يولنىڭ چېتىدە ئاستا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا يۈرىكىڭ جىغىدە قىلىپ قالدى، كوچىلارغا مەقسەتسىز تىكىلىپ تۇرغان كۆزۈڭ بىر قىزنى كۆرۈپ قالغان ئىدى. يان تەرەپتىكى پىيادىلەر يولىدا بىر قىز ئاپتوبۇسقا قارشى يۆنىلىشتە ئاستا كېلىۋاتاتتى. ئۇ دەل سەن نەچچە يىللاردىن بېرى سېغىنغان، تەلمۈرگەن، زارىققان مەھبۇبەڭ، ئالىي مەكتەپتىكى سۆيگىنىڭ زۇلخۇمار ئىدى.

— توختاڭ، ئۇستام ماشىنىنى توختىتىڭ...

سەن ئورنۇڭدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۆندەرىگەندەك ۋارقىرىدىڭ. ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ ھەممىسى چۆچۈپ ساڭا قاراشتى. چۆچۈپ كەتكەن شوپۇر بىرەر ھادىسە چىقتىمىكىن دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك، جىددىي تورمۇز قىلغانلىقتىن، سەن ئورنۇڭدا تۇرالماي ئالدىڭدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىپ قالدىڭ. لېكىن، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئىشىككە قاراپ ئېتىلدىڭ. يولۇچىلارنىڭ غۇدۇڭشۇشلىرى، شوپۇرنىڭ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشلىرى ئىچىدە ماشىنىدىن سەكرىدىڭ. زۇلخۇمار ئۇدۇلۇڭدىن ئازراق ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، كىچىك سەپەر چامادىنىنى كۆتۈرگىنىچە ھارغىن قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. سەن خاتالاشمىغان ئىدىڭ ھەم خاتالىشىشىڭمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سەن ئۇنى ھەربىر ھەرىكىتىدىن — قىياپىتىدىن، ھەتتا قاراڭغۇدىمۇ ئاياغ تىۋىشىدىن، تىنىقىدىنمۇ بىمالال تونۇۋالالايتتىڭ. مانا ئۇنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى سېنى سەۋدايىغا ئايلاندۇرغان زىلۋا سىيماسى كۆز ئالدىڭدا ھەقىقىي قايتا پەيدا بولغان ئىدى. ئۇ شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ سېنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدى. تېنىڭ لاغىلداپ تىترەپ، كۆزلىرىڭگە يىغا ئولاشتى.

— زۇلخۇمار!

ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى پىچىرلاپ جۆيلۈپ، ئۈنسىز چاقىرىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىسىم بوغۇزۇڭدىن قايتا ئېتىلىپ چىقتى. بىراق، ئاۋازىڭ

ئۆزۈڭگە ناھايىتى بوغۇق ، يىغلىغاندەك ، پەريادلىق ئاڭلاندى . ئۇ چۆچۈپ دەرھال يانغا بۇرۇلدى . دەل شۇ ... مۇرىگىچە تاشلىنىپ تۇرغان قاپقارا بۇدۇر چاچلار ، ھەسرەتلىك مۆلدۈرلەپ تۇرغان بۇلاقتەك تىنىق كۆزلەر ... ئۇنىڭ چامادىنى پوككىدە يەرگە چۈشۈپ كەتتى ، لەۋلىرى ئۆمچىيىپ قىمىرلاپ ، نېمىدۇر بىرنەرسە دېگەندەك قىلدى . سىلەر بىرنەچچە سې-كۇنتقىچە ھەيكەلدەك ئۈنسىز قېتىپ تۇرۇپ قالدىڭلار . ئۇ ئانچە ئۆزگەرمىگەن ، پەقەت بىرئاز ئورۇقلاپ تېخىمۇ زىلۋالىشىپ قالغان ، كۆز-لىرى چوڭىيىپ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەن ئىدى . ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان قىپقىزىل پىلاش ئىچىدىكى ساڭا چەكسىز مېھىر ئاتا قىلغان بۇدرۇق كۆكسىنىڭ تېز ـ تېز دولقۇنلىنىۋاتقانلىقى ، كىرپىكىگىلا ئېسىلىپ تۇرغان ئىككى تامچە ياشنىڭ قۇياش نۇرىدا ئاجىز يالتىراۋاتقان-لىقى ساڭا ئېنىق كۆرۈنگەندەك بولدى . بىردىنلا كۆزلىرىڭگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ، پۈتكۈل ھاياجىنىڭ مېڭەڭگە تېپىپ چىقتى . ھالسىز گەۋدەڭ بىلەن ئالدىڭغا قاراپ ئېتىلدىڭ ، سەن يولنى كېسىپ ئۆتۈپ سۆيگىنىڭنى باغرىڭغا باسماقچى ، چىدىغۇسىز مىسكىنلىكتىن ، ئازابتىن قۇتۇلماقچى ئى-دىڭ .

— ياق ، ئارمان ، ياق ! ...

تۇيۇقسىز زۇلخۇمارنىڭ ئېچىنىشلىق پەريادى ئاڭلاندى . ئۇ نېمىشقا ياق دەيدىغاندۇ ؟ سەن بۇنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمىدىڭ ، ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان « خان تاجى » ماركىلىق قارا پىكاپ ساڭا زەرب بىلەن ئۇ-رۇلدى . پىكاپ چىرقىراق ئاۋاز چىقىرىپ توختىغاندا ، سەن ئاللىقاچان ئون نەچچە مېتىر يىراقلىققا قاڭقىپ چۈشكەن ئىدىڭ . سەن ئۆزۈڭ ئار-مان قىلغاندەك ئوڭدىسىغا سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدىڭ . مۇشۇ ھالىتىڭدە ئىسسىق كاللىڭ ئۈستىدە غەمسىز ، ئازادە مۈگدەپ ياتقان مەسۇم بالىغا ئوخ-شاپ قالغان ئىدىڭ . بىراق ، ياتقان يېرىڭ ئىسسىق كاللىڭ بولماستىن ، سوغۇق زېمىن بولۇپ ، ئاستىڭدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قان يا-لىلداپ تۇرغان ئاسفالت يولغا ئاستا ـ ئاستا يېيىلماقتا ئىدى . ساڭا

تېنىمنىڭ قەيرىدۇر بىر يېرى يېنىك ئاغرىغاندەك، ئاپئاق نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش ئاستا - ئاستا قارىيىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كىمدۇر بىرى «ئارمان، جېنىم ئارمان» دەپ ۋارقىرىغىنىچە يېنىمدا تىزلىنىپ، بېشىمنى قۇچىقىغا ئالدى. كۆز ئالدىمدا داداڭنىڭ ئولتۇرۇشقان، مېھرلىك كۆزلىرى ئاستا - ئاستا ياشلىنىۋاتقاندەك ناھايىتى خىرە ھالەتتە پەيدا بولدى. ئاچچىق ياشلار يۈزۈمگە تېمىپ چۈشتى. تونۇش بىر جۈپ قول چاچلىرىمنى سىقىمدىماقتا ئىدى. سەن لەۋلىرىمنى ئۆمەللەپ بىرنەرسە دېمەكچى، كۈلۈمسىرىمەكچى بولدۇمىيۇ بىردىنلا ھېچنېمىنى كۆرەلمەي، ھېچنېمىنى ئاڭلىيالماي قالدىم. سارغۇچ يۈزۈمدە ئازابلىق كۈلۈمسىرەش قېتىپ قالدى. دەل شۇ دەقىقىدە ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاداققى سېزىملىرى قېپقالغان چاڭقاق، سوغۇق، جانسىز لەۋلىرىمگە تەشنالىق ۋە چەكسىز مۇھەببەت ئىلكىدە تىترەپ تۇرغان يۇمران، چوغدەك قىزىق لەۋلەر بېسىلدى. سۆيگىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى بۇ سۆيۈش ئارقىلىق ساڭا قايتا جان ئاتا قىلماقچى ئىدى. تېنىمدە مۇھەببەت بىلەن ھاياتلىق ئاستا - ئاستا ئورۇن ئالماشتۇردى. سەن ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمدا بىر ئۇلۇغ مۇھەببەتكە نائىل بولغان، چىدىغۇسىز مىسكىنلىكتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغان، ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك ئەڭ ھەقىقىي ۋە بۈيۈك سۆيگۈگە ئېرىشىپ، بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان ئىدىڭ. بىچارە روھىڭ ساڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولغان مىسكىنلىك، تەنھالىقنى يۇدۇپ، بۇ ئازابلىق دۇنياغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ كۆككە كۆتۈرۈلدى.

كۈز مەنزىرىسى قىستاپ كېلىۋاتقان كوچىلارغا سارغۇچ ياپراقلار يېيىلماقتا، ناتىۋان قىزنىڭ ئېچىنىشلىق بوزلاشلىرى شەھەر ئاسمىنىنى تىترەتمەكتە ئىدى ...

# كۇسۇتكە①

ھويلامدا كۇسۇتكىنىڭ قاچاندىن بېرى پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. كېيىنچە بۇ جانىۋارلار كۆپىيىپ، ۋەھشىيلىشىپ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، تۇرمۇش رىتىمىم پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ، ئائىلەم ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

ياز كۈنلىرى ئاخشىمى ھويلىدا ياتاتتۇق، ھويلام خېلى كەڭرى بولغاچقا، بىر بۇلۇڭدا ئۈچ - تۆت تۈپ تەكمۇ بار ئىدى. دەسلەپتە بىر - ئىككى كۇسۇتكە تەكنىڭ ئەتراپىدىكى پاكار قورشاۋ تامنىڭ يانلىرىدا، بۇلۇڭدىكى ئەسكى - تۈسكىلەرنىڭ ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ چاغدىكى ھالىتى ئىنتايىن خاراب ۋە بىچارە بولۇپ، ئۇلار تۈگۈلگىنىچە كىچىككىنە مونچاقتەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، قورقۇنچاق ۋە شۈمشەيگەن ھالدا تۆشۈكلەردىن ئارانلا بېشىنى چىقىرىپ، ئۈنى - بۈنى ھىدلاپ يۈردى. مەن دەسلەپتە ئېتىبارسىزلىقلاردا يۈرىدىغان بۇ جانىۋار شەھەردىكى بۇ ئۆيلەردە قانداق پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟ دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ، «جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رىزقى ئايرىم چېچىلغان، ئۇلارغا ئازار بەرسە يامان بولىدۇ» دېگەن خۇراپىي قاراش بويىچە ئۇلارغا ئېرەن قىلماي كەتمىدىم. كېيىن زور خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم، بىراق بۇ چاغدا ئاللىقاچان كېچىككەن ئىدىم.

---

① كۇسۇتكە — سېرىق چاشقان.

كۈسۈتكىلەر بارا - بارا جانلىنىپ، بىزدىن ئانچە ھېيىقمايدىغان بولدى. ئۇلار دەسلەپتە بىزگە ئېھتىيات بىلەن قاراپ قويۇپ، قورشاۋ تامنىڭ ئۈستىدە ئۇياق - بۇياققا چېپىپ يۈرىدىغان، ئەسكى - تۈسكىلەرنى كېچىچە تاراقشىتىدىغان ھەم چىرقىراق ئاۋاز چىقىرىدىغان، ھەتتا كارىۋىتىمىزنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ھويلىمىزنىڭ نېرىقى بېشىدىكى تازىلىق ئۆيلىرىگىچە كىرىدىغان بولدى. ئەمدى مەنمۇ ھوشيارلىقىمنى ئاشۇرۇپ، ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتتۈم. ئاخىرىدا كۈسۈتكىلەر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ھايات - ماماتلىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى.

كۈسۈتكىلەر ئادەتتە كۈندۈزى كۆپ ھەرىكەت قىلمايتتى، ئاخشىمى چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىشىمىز بىلەنلا كوزىر كۆرسىتىشكە باشلايتتى. ئۇلار ھەر خىل قوشۇمچە ئاۋازلارنى چىقارغاندىن سىرت، قاتتىق چىرقىرايتتى. بۇنىڭدىن مەن ئۇلار جۈپلىشىۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ جىنسىي پائالىيىتى مۇشۇنداق ئەسەبىي ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتىم. چۈنكى، ئۇلار شۇنچىلىك جاراڭلىق، ھېسسىياتلىق ۋە ھۇزۇرلۇق چىرقىرايتتى. ئاندىن ئۇلار بىر - بىرىنى يېتەكلەپ ھويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تازىلىق ئۆيىگە قاراپ ماڭاتتى. بۇنىڭدىن مەن ئۇلارمۇ يۇيۇنامدۇنېمە؟ دەپ ھەيران قالاتتىم. ئۇلار ئۇ يەردە بىرمۇنچە تاراق - تۇرۇق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، قوشنىمىز بىلەن بىزنىڭ ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەينىگە قايتاتتى. بىز ياتقان كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە توختاپ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، گويا بىزنىڭ ئۇخلىغان ياكى ئۇخلىمىغانلىقىمىزنى كۆزىتىۋاتقاندەك، بىزگە سىنچىلاپ قاراپ قوياتتى. بۇ چاغدا خوتۇنۇم قورقىنىدىن تۈگۈلۈپ يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى، مەن بولسام ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە تىكىلگىنىمچە جىمجىت ياتاتتىم. ئۇلار باراڭنىڭ ئۈستىگە چىقاتتى - دە، شالدۇر - شۇلدۇر ئاۋاز چىقىرىپ ئۈزۈملەرنى بىمالال يېيىشكە باشلايتتى. بەزى ئاخشاملىرى زېرىكىپ ئۈنئالغۇ قويۇپ قوياتتىم، بۇ چاغدا كۈسۈتكىلەر جەددى - جەمەتى بىلەن ھويلىغا چىقىپ، كەينى ئىككى پۇتىدا ئۆرە

تۇرغۇنچە سەكرەپ - تاقلاپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. ھويلىدا تېلېۋىزور قويسام، ئۇلار پاكار خىش تامنىڭ ئۈستىدە تىزىلىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرەتتى. ئارىدىكى يوغانراق بىرسى يېنىدىكىلەرگە نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرۈۋاتقاندەك، ئالدى ئىككى پۇتىنى شىلتىپ - شىلتىپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالاتتىم. ئۇلار شۇنچىلىك چاققان ۋە ھوشيار ئىدىكى، مەن ئاتقان كەش، قۇلۇپ، پىيالە دېگەنلەرنىڭ بىرسىمۇ ئۇلارغا تەگمەيتتى. ئۇلار مېنىڭ ئۈركۈتۈشلىرىمدىن، قول شىلتىشلىرىمدىن ئاللىقاچان قورقماس بولۇپ قالغان ئىدى. ئاخىرقى ھېسابتا ئاتقان نەرسىلىرىم چېقىلىپ، ئۆزۈمگە زىيان بولاتتى. كېيىنچە بىرنەرسىلەرنى ئاتسام، ئۇلار تېخى «بىزگە دەخلى قىلدىڭ» دېگەندەك، ماڭا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قارايدىغان، بۇرۇتلىرىنى دىڭگايتىپ، ئۆتكۈر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ماڭا خىرىس قىلىدىغان بولۇۋالدى. غەزەپ بىلەن يۈگۈرۈپ بارسام، ئۇياق - بۇياققا قاچماستىن، ماڭا مەڭسىتمەي قاراپ قويۇپ تۆشۈكىگە غىپپىدە كىرىۋالاتتى.

كۈسۈتكىلەر ھەر ئاخشىمى ئۇۋىسىدىن تىزىلىپ چىقاتتى، كەڭرى ھويلىدا ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ، موللاق ئېتىپ، قوغلاشماق، مۆكۈشمەك ئوينايتتى. كارىۋىتىمنىڭ يېنىغا كېلىپ تىكىلىنىپ، «ئويۇنىمىزنى كۆرۈۋاتامسەن» دېگەندەك قىلىپ، ماڭا زەن سېلىپ قاراپ كېتەتتى. بىزنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىمىزنى دوراپ، ھويلىدا تۇرغان ۋېلىسىپىتلەرنىڭ پېداللىرىغا، ئارقا ئورۇندۇقلىرىغا چىقىپ باقاتتى. تەلەڭگىگە چۈشۈپ سۇغا چۆمۈلگەندەك ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى، ھەتتا كىچىك ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ سالاپەت بىلەن گىدىيىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. مەن بولسام يۈرىكىم دۈپۈلدىگەن، سەسكەنگەن ۋە چىشلىرىم كىرىشكەن ھالدا ئۇلارنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈپ يېتىشقا مەجبۇر بولاتتىم، چۈنكى ئۇلارغا بىرنەرسە ئاتسام تەگمەيتتى، قوغلىسام يېتىشەلمەيتتىم، ئۇلار بىلەن قېرىشسام، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشاتتى.

مەن دەسلەپتە ئۇلارنى دورا بىلەن يوقىتىش ئۈچۈن بۆلۈك - پۇچقاقلارغا، تام تۆۋىلىرىگە چاشقان دورىسى قويدۇم. بىراق، ھېچقانداق دورا ئۇلارغا كار قىلمىدى. مەن ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك ئەقىللىقلىقىغا ھەيران قالدىمكى، ئۇلار يېڭى «يېمەكلىك» كە يولۇققاندا، ئۆزلىرىنىڭ سايىسىدا جان بېقىۋاتقان ئاجىز، ئورۇق چاشقاندىن بىرنى ئىتتىرىپ چىقىرىپ، يېمەكلىكنى ئۇنىڭغا يېگۈزۈپ باقىدىكەن، ئۇ ھېچنېمە بولمىسا، ئاندىن باشقىلىرى يەيدىكەن. ھەر قېتىم دورا قويغىنىمدا بىر - ئىككى كىچىك، كېسەلچان چاشقاننىڭ ئۆلۈكىنىلا كۆرەتتىم. ھەتتا كۈسۈتكىلەر ھەر قېتىم قويغان دورىلىرىمنى توپا كولاپ كۆمۈۋېتەتتى، ئىتتىرىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىپ قوياتتى. كۈسۈتكىلەرنىڭ بۇقەدەر ئۇستاتلىقىدىن ئەقلىم ھەيران قالدى. ھازىرغا قەدەر نەچچە يۈز يۈەنلىك دورا سېتىۋالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ھەر خىل ئاشلىقلارغا تەقلىد قىلىنغان قىسما - قىسما دورىلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ باقتىم. كۈندە دېگۈدەك بازار ئايلىنىپ، نەدە ياخشى چاشقان دورىسى باركەن دېسە، شۇ يەرگە شاپاشلاپ باراتتىم. دورا ساتقۇچىلارغا دورىسىنىڭ كار قىلمىغانلىقىنى ئېيتسام، ئۇلار ھەيران بولغان ھالدا: «باشقىلار ئىشلەتسە ئۈنۈمى كۆرۈلگەن دورا نېمىشقا سىزنىڭكىدە ئۈنۈم بەرمەيدۇ، ھويلا - ئاراملىرىڭىزدىكى كۈسۈتكىلەر مەخسۇس تەربىيىلەنگەنمۇ - نېمە؟» دېيىشىپ ئامالسىزلىقىنى بىلدۈرۈپ، بېشىنى چايقاپ قوياتتى.

مەن ئەمدى تاختىمۇشۇك ئارقىلىق كۈسۈتكىلەرنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇپ، ئەڭ ئىلغار، سەزگۈر تاختىمۇشۇكلەرنى ئېلىپ كېلىپ ھويلامغا قويدۇم. لېكىن، تاختىمۇشۇكنىڭ ئىلمىكى قىل تېگىپ كەتسە چىقىپ كەتكۈدەك نازۇك ئىلىنغان بولسىمۇ، كۈسۈتكىلەر يەنىلا ئىلمەكنى مىدىرلاتماي تۇرۇپ يەمچۈكنى يەۋالاتتى. مەن كۈسۈتكىلەرنىڭ بۇ قەدەر ھىيلىگەر، تادانلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمىدىم. تاختىمۇشۇكنىڭ ئىلمىكىنى ئەڭ سەزگۈر نۇقتىدا تۇرغۇزىمەن دەپ نەچچە قېتىم قولۇمنى قىسىۋېلىپ، بارماقلىرىم ئۈزۈلۈپ كەتكىلى تاس قالدى. لېكىن، كۈ-

سۈتكىلەرنىڭ بىر تال تۈكىمۇ قىسىلمايتتى، ئەكسىچە يەمچۈك ئوغرىلىناتتى. يەمچۈككە زەھەر مىلەپ قويسام، كۈسۈتكىلەر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايتتى، تاختىمۇشۈكلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىغا بىرەر كۈسۈتكىمۇ چۈشمىدى.

مەن ئاخىر تاختىمۇشۈكتىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، يىراق سەھرادىن مىڭ بىر جاپادا بىر مۈشۈك تاپتىم، قايتىشىمدا كەچ قېلىپ توغقانلىرىمنىڭكىدە قونۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئاخشىمى يېتىپ چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە مەن ئېلىپ چىققان تاغىل مۈشۈك ھويلامدا قاپلاندەك چاققانلىق بىلەن ئېتىلىپ، كۈسۈتكىلەرنى بىر - بىرلەپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋاتقۇدەك، كۈسۈتكىلەر دىر - دىر تىترىگىنىچە مېنىڭ ئەتراپىمغا ئولىشىپ، يىغا - زار قىلىشىپ، ماڭا يالۋۇرۇۋاتقۇدەك، مەن بولسام قولۇمنى بېلىمگە تىرەپ، قاقاقلاپ كۈلگىنىمچە تاماشا كۆرۈۋاتقۇدەكمەن...

ئەتىسى زور ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن تاغىل مۈشۈكنى ئېلىپ ئۆيۈمگە كەلدىم. مۈشۈكنى كارىۋاتقا ئاۋايلاپ قويۇپ، مەستلىكىم كېلىپ ئۇزاق قاراپ كەتتىم. بىراق، مۈشۈك ئەتراپىغا خۇشياقمىغاندەك قاراپ قويۇپ خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. مەن مۈشۈكۈم دەماللىققا كۆنەلمەيۋاتقاندۇ دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، ئىشقا ماڭدىم. چۈشتە ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەلسەم، مۈشۈك جايىدىن قىمىرلاپمۇ قويماي، مىياۋلاپ ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇ. ئەتىمالىم قورسىقى ئاچقان بولسا كېرەك، قورسىقى ئاچقاندىكىن ھەرىكەت قىلىپ باقسا بولمامدۇ دەپ سەل ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، بۇ «يېڭى مېھمان» نىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىماي، ئۇنىڭغا ئازراق يېمەكلىك بېرىپ چىقىپ كەتتىم. لېكىن، بۇ ھال كۈندە تەكرارلاندى: قورسىقىغا بىرنەرسە بەرسەم، سائەتلەپ ئۇخلايتتى، بىرنەرسە بەرمىسەم، ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويماي يىغلىغاندەك پەريادلىق مىياۋلايتتى. ئاچچىقىم كېلىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ كۈسۈتكىلەرنىڭ بارگاھى بولغان تام تۈۋىدىكى تۆشۈكلەرنىڭ يېنىغا كېچىلەپ تاشلاپمۇ قويدۇم، بىراق بۇنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى.

ئۇ يەنىلا قورسىقى ئاچسا مىياۋلاپ، يېمەكلىك بەرسەم يەپ بولۇپلا ئۇخلاپ، كۈنىنى ئۆتكۈزۈۋەردى. مەن ھازىرقى مۈشۈكلەرنىڭ ئەسلىنى بۇ قەدەر ئۇنتۇغانلىقىغا، شۇنچىلىك تەييارتاپ ۋە ھورۇن بولۇپ قالغانلىقىغا ئۆكۈندۈم.

بىر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كېلىپ ئىشىكنى ئاچتىم ـ دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم، ئەتىگەندە ئىشقا ئالدىراپ ھاپىلا ـ شاپىلا چاي ئىچىپ، داستىخاننى يىغمايلا كەتكەن ئىدىم، كۆز ئالدىمدا مېنىڭ قەھرىمان مۈشۈكۈم نان بار تاۋاقنىڭ بىر تەرىپىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ نان چايناۋاتاتتى، ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە تۈكلىرى پارقىراپ، چوشقا كۈچىكىدەك سەمرىپ كەتكەن ئىككى كۈسۈتكە تەكەللۇپ ۋە دوستانىلىك بىلەن نانغا تېگىش قىلىۋاتاتتى. قاتتىق ئاچچىق مېڭەمگە تېپىپ چىقتى، قولۇمغا بىر كالتەكنى ئېلىپ ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، مۈشۈكنى جان ـ جەھلىم بىلەن ساۋاشقا باشلىدىم. مۈشۈك ھەريان قېچىپ، بىر ھازا نالە قىلىپ باققاندىن كېيىن دېرىزىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنچىلىك چەبدەسلىكىنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ھويلامغا ئاياغ باسمىدى. مەن كۈسۈتكىلەر چوقۇم مۈشۈككە پارا بېرىپ، قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇنى سېتىۋالغان ئوخشايدۇ دەپ پەرەز قىلدىم.

مەن ئەمدى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم، چۈنكى ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىممۇ كۆپۈككە ئايلانغان ئىدى. مەن ئەسەبىيلىشىپ، ئۆيۈم ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ مەيلى دەپ، بارلىق تۆشۈكلەرگە سۇ قۇيۇپ، تۆشۈكنىڭ يېنىدا كالتەكنى تۇتقىنىمچە كۈسۈتكىلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ سائەتلەپ تۇردۇم، بىراق ئۇرۇنۇشلىرىم بىكارغا كەتتى. ئاخىر كۈسۈتكىلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئەقىللىق، زېرەك ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمىدىم. ئۇلار تۆشۈك كولىغاندا ئاۋۋال ئاستىغا چوڭقۇر كولاپ، ئاندىن ئۈستىگە كولايدىكەن ۋە دالانچە ئۆيلەرنى ياسايدىكەن، سۇ ھەرقانچە قۇيۇلسىمۇ دالانغا چىقالمايدىكەن. يەر ئاستى تۇرالغۇسى ياساشتا كۈسۈتكىلەرنىڭ

ئاجايىپ ئىلغار ، مۇكەممەل لايىھىلىرى بار ئىكەن ، بىز ئىنسانلارمۇ بۇ جەھەتتە ئۇلارغا يەتمىسەك كېرەك . مەن ھەتتا تۆشۈكلەرگە بېنزىن قۇيۇپ ، ئوت قويۇپمۇ باقتىم ، بىراق بىرەر كۇسۇتكىمۇ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىدى . ئىچ - ئىچىمدىن قورقۇنچقا چۈشۈپ ئويلاپ قالدىم : ئەگەر باشقا جانلىقلار ئادەملەردىنمۇ ئەقىللىق بولۇپ كەتسە ، ئۇ ھالدا قانداق قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ - ھە !

تۇرمۇش رىتىمىم پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ ، بىرنەچچە ئاي ئىچىدە خېلىلا ئورۇقلاپ كەتتىم . ھەر كۈنى كېچىسى قالايمىقان چۈشلەرنى كۆرۈپ چىقاتتىم ، ئەتىگىنى كۆزلىرىم قىزارغان ۋە ئولتۇرۇشقان ، ساقاللىرىم ئۆسكەن ، چۈشكۈن ۋە روھسىز ھالەتتە ئىشقا باراتتىم . خىزمەتتىمۇ چېكىنىپ ، گېلىمدىن تاماقمۇ ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى . «ھوي ، نېمە بولدۇڭ ، بىرەر دەردىڭ بارمۇ نېمە ؟ » دېگۈچىلەرگە « ھېچنېمە ، مىجەزىم يوق » دەپلا قوياتتىم . چۈنكى ، ئۇلارغا « كۇسۇتكە مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى » دېگىلى بولمايدۇ - دە . بىر تۈرۈپ تاغدەك قامەتلىك ، ئەقىل - پاراسەتلىك ئادەم تۇرۇپ ، كىچىككىنە كۇسۇتكىلەرگە كۈچۈم يەتمىگەنلىكىگە ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ كېتەتتىم . ئايالىممۇ « بىر ئەركەك تۇرۇپ ئۆينى كۇسۇتكىلەرگە تارتقۇزۇپ قويدىڭىز » دەپ ، بالىنى ئېلىپ ئانىسىنىڭكىگە يامانلاپ كەتتى . مەن نەدە چاشقان - كۇسۇتكىلەرنىڭ گېپى بولسا ، شۇ يەرگە قۇلىقىمنى دىڭ قىلاتتىم ۋە ئاڭلىغانلىكى ئامال - چارىلەرنى سىناپ باقاتتىم . كۇسۇتكىلەرگە شۇ قەدەر ئۆچ بولۇپ كەتتىمكى ، ئۇلارنىڭ ھىيلىگەرلىك ، مۇغەمبەرلىك ، ھاكاۋۇرلۇق چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە ، پۈتۈن بەدىنىم غەزەپتىن تىترەپ كېتەتتى ، كۈچۈم يەتسە ، ھارام يەپ سەمرىپ كەتكەن كۇسۇتكىلەرنىڭ سېسىق تېنىنى پارە - پارە قىلىۋەتكۈم كېلەتتى . ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەن ئۇلارغا كۈچۈم يەتمەيۋاتاتتى . كۇسۇتكىلەرمۇ سەۋر قىلىپ تۇرۇۋەرمىدى ، مېنىڭ ئورۇنۇشلىرىم ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغان بولسا كېرەك ، ئاخىر ئۇلار

ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما زەربىگە ئۆتۈپ ، هويلا ئىچىدىن ئۆيلىرىمىگە هۇجۇم
باشلىدى : ئۆيلىرىمىگە چىنە خىش يېپىشتىلغان بولغاچقا ، ئۇلار يەر
ئاستىدىن تېشىپ مېڭىپ سۇ تۇرۇبىسى ، پار تۇرۇبىلىرىنىڭ يانلىرىدىن
تۆشۈك ئېچىپ ، بۇ سۇغا ياغىچىنى غاجاپ تېشىپ ئۆيلىرىمىگە بېسىپ
كىردى . گۈرۈچ ، ئۇن ، ئۈزۈم ، پېچىنە - پىرەنىك قاچىلانغان چوڭ -
كىچىك خالتىلار ، ماي تۇڭلىرى ، ھەتتا يوتقان - كۆرپە ، كىيىم -
كېچەكلەر ئۆتمۈشۆك بولۇپ كەتتى . ئۇلار لازا ئۇرۇقلىرىنىمۇ يەيتتى ،
كىيىم ئىشكاپى ، ئېگىز ئۈستەللەرنىڭ ئۈستىگىمۇ چىقالايتتى . قىسقىسى ،
ئۆي ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئايىغى تەگمىگەن ، مايىقى چۈشمىگەن يەر قالمى-
دى . مېنى ئەڭ غەزەپلەندۈرگىنى شۇكى ، ئۇلار كىتاب - ماتېرىياللىرىمنى
غاجاپ تىتما - تىتما قىلىۋەتكەن ئىدى . مەن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت
جەھەتتىكى بۇ خىل قەبىھ دۈشمەنلىكىدىن قاتتىق نەپرەتلەندىم . ئاخىر
كۈسۈتكىلەرگە يېڭىلگەنلىكىمنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم ،
كۈسۈتكىلەر ئۆيىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلانغان ئىدى . ئۇلار سەمرىپ
تىقىلىپ كەتكەن ، تۈكلىرى پارقىراپ ، مونچاقتەك كۆزلىرى چاقناپ
تۇرغان ، مەغرۇر ، تەكەببۇرانە قىياپەتتە هويلا ۋە ئۆي ئىچىدە سالماق قە-
دەم تاشلاپ مېڭىشىپ يۈرەتتى . ھەتتا ئۆيگە كىرسەممۇ ناتونۇش بىرسى
كىرىپ قالغاندەك ، ماڭا « بىرەر ئىشىڭ بارمىدى ؟ » دېگەن تەرزدە بىزار-
لىق بىلەن قاراپ قويۇپ ، ئوردىسىغا كىرىپ كېتەتتى . خۇداغا شۈكرى ،
ئۇلار ھەر ھالدا ماڭا ھۇجۇم قىلىپ ، مېنى قوغلاپ چىقىرىش دەرىجىسىگە
بېرىپ يەتمىگەن ئىدى ، بەلكىم ماڭا ئىچى ئاغرىغان بولسا كېرەك .

مەن ئاخىر بۇ هويلىنى سېتىۋېتىپ باشقا يەرگە ، توغرىراقى
قەۋەتلىك ئۆيلەرگە كۆچۈپ كېتىشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى ھېس قىل-
دىم . شەھەرنىڭ شۇنچە ياخشى يېرىدىكى ئازادە تۇرالغۇمدىن مېھرىمنى
ئۈزەلمىسەممۇ ، ماڭا باشقا چىقىش يولى يوق ئىدى .

گەرچە مەغلۇبىيىتىمگە تەن بەرگەن بولسامۇ ، بۇ پاكىتنى ئې-
تىراپ قىلماسلىق تۈيغۇسى ئىچ - ئىچىمنى ئۆرتەپ ئاچچىق قىلاتتى .

شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ياخشىراق دورا ئۇچراپ قالارمىكىن دېگەن ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد بىلەن سودا بازىرىغا كىردىم. بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، كۆكتات ساتقۇچىلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان 50 ياشلار چامىسىدىكى كەكە ساقال، تەمبەل كەلگەن، دېھقان سۈپەت بىر كىشىگە كۆزۈم چۈشتى. بۇ ئادەم كىچىك ھەم پاكار ساندۇقنىڭ ئۈستىگە كىچىك - كىچىك قەغەز بولاقچىلارنى قويۇۋېلىپ ئولتۇراتتى. مەن ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئاكا، سېتىۋاتقىنىڭىز نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— چاشقان دورىسى، — دېدى ئۇ پەرۋاسىز ھالدا. يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. چۈنكى، مەن ئەزەلدىن يەرلىك كىشىلەرنىڭ چاشقان دورىسى ساتقانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان، ئىلگىرىكى دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سىرتتىن كەلگەن كىشىلەردىن سېتىۋالغان ئىدىم.

مەن بىر خىل ئىچكى ھاياجان بىلەن ئاستا ئېگىشىپ سورىدىم:

— بۇ قانداق چاشقان دورىسى؟

— قانداق چاشقان دورىسى بولاتتى، كۈسۈتكە، چاشقانلارنى يوقىتىدىغان دورا بولمامدۇ، — دېدى بوۋاي سەل تېرىككەندەك ماڭا قاراپ. مەن ئەمدى بوۋاينىڭ يېنىدا رەسمىي زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم ۋە:

— ئاكا، سىزدىن بۇنداق سورىغىنىم، ھويلامدا كۈسۈتكە بەك كۆپىيىپ كەتتى، نۇرغۇن دورا سېتىۋالغان بولساممۇ كارغا كەلمىدى. بۇ دورا ئىشەنچلىكمۇ دېمەكچىدىم، — دېدىممەن مۇمكىنقەدەر ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ. بۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقىنىمدا، خۇددى يېقىن تۇغقىنىمغا ئىچىمگە توشۇپ كەتكەن دەردلىرىمنى تۆكۈپ بېرىۋاتقاندەك، يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدىم. بوۋاي چىرايىمغا بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئۇكام، بۇ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان مەخپىي رېتسېپ ئاساسىدا ياسالغان چاشقان دورىسى. جەمەتىمىز ئۇزاق يىللاردىن بېرى مۇشۇ دورىنى ئىشلىتىپ كەلگەن. بىز بۇ دورىنى ئەزەلدىن سېتىپ باقمىغان ۋە

بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ساتمايمىز . قولۇم سەل قىسقا بولۇپ قېلىپ ، مۇشۇ بىر قېتىم سېتىش ئۈچۈن ئاچىقتىم ، پۇلىغا چىقسا سېتىۋېتىپ قايتىپ كېتىمەن . بوۋاينىڭ سۆزلىرى ۋە تەقى - تۇرقىدىن ئۇنىڭ سەممىيىتىگە ئىشىنىپ ، دورىنى ئېلىش قارارىغا كەلدىم ۋە دورىنىڭ باھاسىنى سورىدىم .

— بۇ يەردە بەش بولاق دورا بار ، بىر بولىقى 10 كوي .

مەن پۇلىنى تۆلەپ دورىنى ئالغاندىن كېيىن ، بوۋاي ماڭا مۇنداق دېدى :

— بۇ دورا ئەركەك - چىشى چاشقان ، كۈسۈتكىلەرنىڭ جۈپلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ياسالغان ، ھەرقانداق چاشقان ، كۈسۈتكە بۇ دورىنى يېمەي قالمايدۇ . دورىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىدە گەپ يوق . ھەممىمىز مۇسۇلمان ئادەملەر ، سىز گە ۋەدە بېرەلمەيمەن ، چۈنكى مېنى ئىزدىگىنىڭىز بىلەنمۇ تاپالمايسىز ، لېكىن ئىشلىتىپ كۆرگەندىن كېيىن بىلىسىز . دورىنى كۈسۈتكىلەر كۆپرەك ھەرىكەت قىلىدىغان جايلارغا تاشلاپ قويسىڭىزلا بولىدۇ . بىر قېتىمدا ھەممىنى قويۇڭ ، بۇ دورا ئادەمگە خەۋپ بەتكۈزمەيدۇ .

ئورنۇمدىن تۇرۇپ دورىنى ئاۋايلاپ يانچۇقۇمغا سالدىم . بوۋايمۇ كىچىك ساندۇقنى قولتۇقلاپ كېتىپ قالدى . مەن قىممەتلىك بۇيۇمنى ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك دەككە - دۈككە ۋە ھودۇقۇش ئىچىدە دورىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم ۋە بوۋاينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كۈسۈتكىلەرنىڭ ھەرىكەت نۇقتىلىرىنىڭ ھەممىسىگە قويۇۋەتتىم .

شۇ ئاخشىمى تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇم كەلمىدى ، خۇددى بۇگۈن كەچ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك ، كۈسۈتكىلەر بىلەن بولغان جەڭنىڭ نەتىجىسى تەقدىرىمنى بەلگىلەيدىغان ئاداققى نۇقتىدەك بىلىنمەكتە ئىدى . دېمىسىمۇ مەغلۇبىيەت ھەقىقەتەن مۇقىملىشىپ قالسا ، مەن ئىنسانىي غۇرۇرۇمدىن ، ئادەملىك ئىززەت - نەپسىمدىن ، مېنى ھاياتقا باغلاپ تۇرغان ئەقىدە ، ئىشەنچتىن ، ئۆزۈمنى سۆيۈش

تۇيغۇسىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولاتتىم، ئۇ ھالدا ياشىشىمنىڭ يەنە نېمە ھاجىتى قالىدۇ؟ يۈرىكىم تەگسىز ئويلارغا، تەشۋىش، مالامەتلەرگە تولغان بۇ ئاخىرقى كېچىدە، بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپەمنى بىر-بىرلەپ ئەسلەپ ئۆتتۈم. كۈسۈتكىلەرنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچرىغان نەچچە ئاي ۋاقىت ئىلگىرىكى 30 يىللىق ھايات مۇساپەمگە تەڭ بولغاندەك تۇيۇلدى. شۇنچە كىچىك، ئاجىز كۆرۈنىدىغان بۇ مەخلۇقلارنىڭ مېنى بۇ قەدەر ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىدىن ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدىم. يوتقانغا چىڭ پۈركىنىپ، قاپساپ كېلىۋاتقان يىغىنى بولۇشىچە قويۇۋەتتىم، ئىچىم بىرئاز بوشىغاندەك بولدى. بۇ چاغدا كۈسۈتكىلەرنىڭ ئەسەبىي چىرقىراشلىرىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئۇلار مېنىڭ مەغلۇبىيىتىمگە تەنتەنە قىلىۋاتامدۇ ياكى ئۆزلىرىگە ئاشىيان بولغان بۇ بەختىيار ماكانىنى يەنىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋلاد كۆپەيتىش ھەلەكچىلىكىدە كوللېكتىپ جۈپلىشىۋاتامدۇ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم ئىدى.

بىر ئەسىردەك ئۇزاق بىلىنگەن كېچە ئاخىرلاشتى. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ چوڭقۇر نەپەس ئالدىم-دە، «قۇلھۇۋەللاھۇئەھەد»نى ئۈچ قېتىم ئوقۇۋېتىپ، جىمىپ قالغان ھويلىغا ئاستا قەدەم ئېلىپ، كۈسۈتكىلەرنىڭ بارگاھىغا قاراپ ماڭدىم. تۆت-بەش مېتىرلا كېلىدىغان ئارىلىق ماڭا تۆت-بەش كىلومېتىردەك بىلىنىپ، يۈرىكىم كۆكرەك قەپىسىمدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق دۈپۈلدەيتتى. تەك ئورىكنىڭ ئىچىگە قاراپلا، خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن ئۆزۈممۇ سەزمەستىن قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم، 1، 2، 3 ... ئورەكنىڭ ئىچىدە، ئەسكى تۇسكىلەرنىڭ يېنىدا، تام تۈۋىدە نۇرغۇن كۈسۈتكىنىڭ ئۆلۈكى ياتاتتى. تولۇمدەك سەمرىپ كەتكەن كۈسۈتكىلەرنىڭ مونچاقتەك كۆزلىرى ئوچۇق پېتى قالغان بولۇپ، ھازىرمۇ ئاخشامقى لەززەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقاندەك ھالەتتە قېتىپ قالغان ئىدى. ئىچ-ئىچىمگە پاتمايۋاتقان خۇشلۇقتىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي، ھويلىدا كىچىك

بالىدەك قىيغىتىپ، تاملارغا مۇشتلاپ سەل بېسىققاندىن كېيىن، دەرھال
قېيىنانامنىڭ ئۆيىگە تېلېفون ئۇرۇپ، ئايالىمغا بۇ خۇش خەۋەرنى
يەتكۈزدۈم. ئايالىممۇ بۇ غەلىبە خەۋىرىدىن ئالەمچە شادلىققا چۆمدى، با-
لىنى ئېلىپ ھازىرلا قايتىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇزاق ۋاقىتلاردىن
بېرى تۇنجى قېتىم ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ تويغۇچە ناشتا قىلدىم، باش -
كۆزلىرىمنى يۇيۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرىمنى ئالدىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى
ئاسقۇدا توپا بېسىپ قالغان گالستۇكۇمنى تاقاپ، شىم - كاستۇمۇمنى كى-
يىپ ئىشقا باردىم. كەيپىياتىم ئىنتايىن ئازادە، روھىم كۆتۈرەڭگۈ، كاللام
ئاجايىپ ئوچۇق ئىدى، ئەتراپىمدىكى ھەممىلا نەرسە ماڭا شۇقەدەر گۈزەل
ۋە سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنساممۇ، ئاغزىم ئىخ-
تىيارسىز قىيسىيىپ كۈلكىگە كېتىپ قالاتتى. كوچىدا كېتىۋېتىپ خەقلەر
مېنى ساراڭ دەپ قالمىسۇن دەپ، نەچچە قېتىم ئاغزىمنى چىڭ تۇتۇۋې-
لىپمۇ باقتىم. چۈشتە ئايالىم بىلەن ئۇزاق كۆرۈشمىگەن ئاشىق -
مەشۇقلاردەك چىڭ قۇچاقلىشىپ، تەلۋىلەرچە سۆيۈشۈپ كۆرۈشتۈم.
ئويلاپ باقسام، ئايالىم بىلەن بىرگە بولۇپ باقمىغىنىمغا نەچچە ئاي بوپتۇ.
لەنىتى كۈسۈتكىلەر ھەتتا مۇھەببىتىمنىمۇ ۋەيران قىلغىلى تاس قاپتۇ.
ئۇلار نېمىدېگەن قەبىھ - ھە! كۈسۈتكىلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنى پەخىرلەنگەن
ھالدا ئايالىمغا ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغاندىن كېيىن يىغىشتۇرۇۋەتتىم. ئۇ-
نىڭدىن كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدە ھەر كۈنى ئىككى - ئۈچ كۈسۈتكىنىڭ
ئۆلۈكىنى كۆرۈپ تۇردۇم. شۇنداق قىلىپ، ھويلام بىخەتەر، تىنچ
ماكانغا ئايلاندى. قارىغاندا كۈسۈتكىلەر تامامەن قىرىلىپ تۈگىگەندەك
قىلاتتى. ماڭا دورا سېتىپ بەرگەن بوۋايغا رەھمىتىمنى بىلدۈرۈش
ئۈچۈن، ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدىگەن بولساممۇ ئۇچرىتالمىدىم.
ئەمدى مەن ھويلامدىكى تىنچ مۇھىت ئىچىدە ئايالىم ۋە بالام بىلەن ئائىلە
ئىللىقلىقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدۇم. كۈسۈتكىلەرنىڭ بارگاھلىرى
چۆلدەرەپ قالدى. مەن تۆشۈكلەرنى ئېتىپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى پاكىز
تازىلىۋەتتىم.

بىر كۈنى سەھەردە ھويلىغا چىقىپ، تەك ئۆرىكىنىڭ ئەتراپىدىكى تامنىڭ تۆشۈكىدە ۋىجىكرەك بىر كۈسۈتكىنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ مىسكىن، شۈمشەيگەن قىياپەتتە ماڭا بىچارىلىك ۋە نەپرەت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۆرەكنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ئاخىرقى بىرى بولسا كېرەك، بۇنىڭمۇ ئەجىلى ئاز قاپتۇ دەپ ئويلاپ، ئىشقا كەتتىم. چۈشتە ئۆيگە كېلىپ مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم - دە، ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم، مەن سەھەردە كۆرگەن ھېلىقى ۋىجىك كۈسۈتكە ئايالىمنىڭ گىرىم ئۈستىلىنىڭ ئۇدۇلىدا، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە ئەينەككە تىكىلگىنىچە جىمجىت ۋە تىككىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەينەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن پۈتمەس - تۈگىمەس قايغۇ، ئېچىنىش، نادامەت، پۇشايمانغا ئوخشاش تۇيغۇلار ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بەلكىم ئەينەكتىكى ئەكسىگە قاراپ، قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ مەغلۇب بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان ياكى ئۆزىنىڭ شۇنچە ۋىجىك يارىتىلىپ قالغانلىقىغا ئېچىنىۋاتقان ۋە ياكى ئۆتكەنكى بەختلىك كۈنلىرىنى ئەسلەپ قايغۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇ مېنىڭ كىرگەنلىكىمگە پەرۋامۇ قىلىپ قويماستىن، بىر خىل تەرزدە تۇرۇۋەردى، ئۇنىڭ قىياپىتى ئادەمنى شۈركەندۈرەتتى. بۇ ئاخىرقى كۈسۈتكە مېنىڭ غۇرۇرۇمغا قاتتىق بىر تەستەك سالغانىدەك، ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا ھويلىدىن بىر تال كالتەكنى ئېلىپ كىرىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدىم. ئۇ يەنىلا ئەينەككە تىكىلگىنىچە قىمىرلاپمۇ قويمىدى. مەن كالتەكنى ئۇنىڭغا قارىتىپ زەرب بىلەن شىلتىدىم، ئۇ چاققانلىق بىلەن چاتىرىقىمدىن سەكرەپ ئۆتۈپ ھويلامغا چىقىۋالدى، ئەينەك جاراڭلاپ چېقىلدى. مەن تاپ باستۇرۇپ ئۇنى قوغلاپ چىقتىم، ئۇ ھويلا دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ يولغا چىقتى، يولدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ھويلىغا قىيالماسلىق نەزىرىدە بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، شارتلا قىلىپ ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ تام ياقىلاپ يۈگۈرۈپ چوڭ يولغا قايرىلىپ، كۆزدىن غايىب بولغىنىغا قەدەر

قاراپ تۇردۇم . كۆڭلۈمدە بىر مۇدھىش خىيال سايە تاشلاپ ئۆتتى : بۇ كاساپەتنىڭ پەيلى يامان تۇردۇ ، يىراقتىكى ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىنى باشلاپ كېلەمدۇ - نېمە ؟

شۇنىڭدىن كېيىن ھويلامدا كۈسۈتكىلەر توپ يىلتىزىدىن قۇرۇ-تۇلدى . تۇرمۇش رىتىمىم ئەسلىگە كېلىپ ، خاتىرجەم ياشاشقا باشلىدىم . پەقەت بەزى ئاخشاملىرى كۈسۈتكىلەر بىلەن ئېلىشقان قاباھەتلىك كۈنلەر چۈشۈمگە كىرىپ قالاتتى ...

# بولۇمسىز ستۇدېنت

مەن نېمە ئۈچۈنكى باشقىچىلا بىر ئادەمگە — كۆپ خىيال سۈرىدىغان، كىچىككىنە ئىشلار ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرىدىغان، كەم سۆز، جىمىغۇر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. يا بۇرۇندىنلا شۇنداقمىدىممىكىن؟ ئىشقىلىپ، بىرنەچچە ساۋاقدىشىمنىڭ ئاشۇنداق بولۇپ قالدىڭ دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. بولدىلا، ئەسلىي گەپكە كېلەي. باشقىلار نېمىدېسە دېمەمدۇ.

بۈگۈن ماڭا پۇل كەپتۇ — ئۆيدىكىلەر 60 يۈەن ئەۋەتىپتۇ. پۇلنى قولۇمغا ئېلىپ ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالدىم. بۇ پۇلنى زادى قانداق خەجلەيمەن؟ نېمىگە ئىشلىتىمەن؟ كىيىم ئالاي دېسەم، ئىككى - ئۈچ قۇردىن كىيىمىم بار ئىدى. كونىنى كىيسەممۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ! تاماق بېلىتى ئالاي دېسەم، ھازىرچە بېلىتىم يېتەرلىك ئىدى. ھە راست، بىر چاغدا مەكتەپ تارقاتقان ماتېرىيالغا تۆلەش ئۈچۈن رىشاتتىن 10 يۈەن ئالغان، شۇنى بېرىۋېتىشىم كېرەكمىكىن؟ شۇنداق قىلاي، بەرىبىر قايتۇرمىسام بولمايدۇ.

مەن رىشاتنىڭ ياتىقىغا كىردىم، ئۇ بىر يېڭى ئىشتاننى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. بۇ ئىشتان كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ قالدى. مەن رىشاتتىن ئىشتاننى قەيەردىن ئالغانلىقىنى سورىدىم - دە، دەرھال «كارۋان سودا سارىيى» غا چاپتىم. رىشاتنىڭمۇ ئۈچ ئىشتىنى تۇرۇپ يەنە ئىشتان سېتىۋاپتۇ، مەنمۇ يەنە بىرنى سېتىۋالسام بولىدىغۇ، دەپ ئويلىدىممەن

كېتىۋېتىپ . كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقايمۇ ، قانداق قىلاي ؟ ئىككى تەرىپىمگە
قارىسام كوچا ئاپتوبۇسى كۆرۈنمىدى . بولدىلا ، مېڭىۋېرەي . يولنىڭ
يېرىمىغا كەلگەندە ھېرىپ زادىلا ھالىم قالمىدى . كەينىمدىن بىر ئاپتو-
بۇسنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، قولۇمنى پۇلاڭلىتىپ توختاشقا شەرەت
قىلدىم ، لېكىن ئاپتوبۇس توختىماي ئۆتۈپ كەتتى . تازا نەس باستى -
دە . مەن ئامالسىز يەنە پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم . « كارۋان سودا
سارىيى » غا كىرىپ ، كىيىم - كېچەك پەشتاختىسىدىن ھېلىقى ئىشتاننى
ئىزدەپ تاپتىم .

— قانداق رەڭدىكىسىنى ئالىسىز ، — دېدى مال ساتقۇچى .

— قانداق رەڭدىكىسىنى ئالسام ياخشىراق بولار ؟ — قايتۇرۇپ
سورىدىم مال ساتقۇچىدىن . ئۇ ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن :

— قارىسى ياخشىراقمىكىن ، — دېدى .

— بوپتۇ ، شۇنداقنى ئېلىۋېتىڭ ، — دېدىمىيۇ ، ئارقىدىنلا رىشات-
نىڭ كۆك تۇرسا ، نېمىشقا ئالىدىكەنمەن دەپ ئويلاپ ، گېپىمدىن
يېنىۋالدىم .

— ئەڭ ياخشىسى كۆكىدىن ئېلىۋېتىڭە ، — دېدىممەن مال سات-
قۇچىغا . ئۇ ماڭا ئۆرۈلۈپ بىر قاراپ قويدى ۋە نېمىلەرنىدۇر
غۇدۇڭشىغىنىچە كۆك ئىشتاندىن بىرنى ئېلىپ بەردى . مەن پىيادىلەر يو-
لىدا كېتىۋېتىپ ، ۋېلسىپىتلىكلەر يولىدا كېتىۋاتقان بىر قىزنىڭ ماڭا
قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم ، مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىدىم . ئۇ ئۇپا - ئەڭ-
لىكنى بولۇشىغا سۇۋىگەن ، قىرقىم چاچلىق چىرايلىققىنا قىز ئىدى . ئۇ
ماڭا قارىغىنىچە كېلىۋەردى . ئۇ نېمىشقا ماڭا قاراۋېرىدىغاندۇ ؟ مەن يا ئۇ-
نىڭ تۇغقىنى ، يا تونۇشى بولمىسام ، بوپتۇلا ، قارىغۇسى بولسا
قاراۋەرمەمدۇ ، قارىغانغا مەن ئۇپراپ قالمىغاندىكىن . يولۇمنى داۋاملاشتۇ-
رۇۋەردىم . ئۇ ماڭا ئەگىشىپ مېڭىۋەردى ، مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ
قويدۇم . مەكتەپكە يېقىنلىشىپ قالدۇق . ئۇنىڭ زادى نېمە ئىشى باردۇ ؟
ئۆزىدىن سوراپ باقسامىلا بولمىدىمۇ . مەن مېڭىشتىن توختىدىم ۋە ئۇ

يېقىنلاشقاندا :

— مەندە بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى ؟ — دېدىم . ئۇ بىردىنلا قېلىن لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ :

— ئوھۇش ، ئۇنداق ئادەم نېمىشقا ئىشارەت قىلىدۇ ، — دېدى . مەن ھەيران بولۇپ :

— سىزگە قاچان ئىشارەت قىلدىم ، — دېدىم .

— ئۆتەپباسلا ، تازا بىر قۇرۇق سۆلەت بايۇەچچىكەن ، — ئۇنىڭ يوغان ، قاپقارا كۆزلىرىدىن مەسخىرىلىك بىر ئۇچقۇن يالت قىلىپ چاقناپ كەتتى . نېمىدېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم . ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى . بولدىلا ، قىز بالا بىلەن بىرنەرسە دېيىشىپ يۈرمەي . مەن كەچ كىرەي دېگەندە ياتاقىقا قايتىپ كەلدىم . كىرىپلا كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم . بىر چاغدا ياتاقداشلىرىم چۇرقىرىشىپ كىرىپ كەلدى .

— مۆمىن ، ساڭا پۇل كەپتىغۇ ، بىزنى مېھمان قىلمامسەن ؟

— بوپتۇ ، قىلسام قىلاي .

بەشەيلەن كىچىكرەك بىر ئاشخانىغا كىردۇق ، ھاراق ، قورۇما كەلتۈرۈلۈپ ئولتۇرۇش باشلاندى . رومكا ئىككى - ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن كاللام قىزىشقا باشلىدى . ھەممىمىز بىر - بىرىمىزگە گەپ بەرمەي ۋارقىرىشىپ سۆزلەشكىلى تۇردۇق . قايسى قىز بالىنىڭ رايىش ، قۇلىقى يۇمشاق ئىكەنلىكى ، قايسى قىزنىڭ تولۇق ، قوپال ئىكەنلىكى ، قايسى ئوقۇتقۇچىنىڭ قىزلارغا ئامراق ئىكەنلىكى ، قايسىبىر ئىمتىھاندا كىمنىڭ كۆچۈرۈپ تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ... ۋاي - ۋۇي ، كاللام بارغانچە ئايلىنىشقا باشلىدى . بىر چاغدا ھاراقمۇ تۈگەپ ، يېرىم كېچە بولغاندا ياتاقىقا قايتماقچى بولدۇق . مەكتەپ ئالدىغا كەلسەك دەرۋازا تاقىلىپ قاپتۇ ، تامدىن قاندا قىلارچە ئارتىلىپ چۈشكەنلىكىمنى ، كارىۋىتىمغا كىمنىڭ ياتقۇزۇپ قويغانلىقىنى بىلمەيمەن ، ئۇخلاپ قاپتىمەن . كېچىچە قالايمىقان چۈش كۆرۈپتىمەن ، ئاۋۋال يىراقتىكى ئۆيدە قالغان بەش ياشلىق ئوماق سىڭلىمنى كۆرۈپتىمەن ، ئۇ قۇچىقىغا يوغان بىر ئاق مۈشۈكنى ئېلىۋالغان

بولۇپ، مۇشۇكىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئويناۋاتقۇدەك. كېيىن بىر ئۆگزىدە مېنى ئىت قوغلىدى، مەن ئۆگزىدىن ئۆزۈمنى يەرگە ئاتتىم، يەرگە ئاستا لەيلەپ چۈشتۈم. ئىت مېنى يەنە قوغلىدى، مەن قانچە كۈچىنىپمۇ يۈگۈرەلمەي، ھەدەپ ئۆز ئورنۇمغا دەسسەپ قوزغىلالماپتىمەن... قاتتىق ۋەھىمىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. بۇ چاغدا قۇياش نۇرى دېرىزىدىن چۈشۈشكە باشلىغان بولۇپ، ئۈستۈبېشىم چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەن ئىدى. كالپۇكلىرىم گەز باغلاپ، ئاغزىم لاۋزىلىشىپ، كانىيىم تىكەن جىجىپ ئۆتكەندەك ئاغرىيتتى. باشقىلار ئاللىقاچان دەرسكە چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ زادى قوپقۇم كەلمىدى. ئۆزۈمچە چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ، تورۇسقا تىكىلگىنىمچە خىيالغا كەتتىم: 1000 كىلومېتىر يىراقلىقتا قالغان يۇرتۇم، تەكلىك ھويلىمىز، ھويلىمىزنىڭ كەينىدىكى سۈيى دائىم قايپقارا تۇرىدىغان كۆل ۋە ئۇنىڭ بويىدىكى تېرەكلىك ۋە ئېتىزلىقلار، كىچىك ۋاقتىمدا ئۇ يەردە كېپىنەك قوغلاپ ئوينىغانلىرىم، كۆلدىكى يىكەنلىك ئارىسىدىن بىر يوغان غاز تۇخۇمنى تېپىۋالغانلىقىم، ھەر كۈنى مەكتەپكە بارغۇچە باللارنىڭ مېنى ئانىي تاپىدىغانلىقى، ئۆيگە يىغلاپ كىرىپ دادامغا ئېيتسام، دادامنىڭ تەنبىھ بېرىدىغانلىقى... گادىرماچ خىيالالرنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، بېشىم ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىۋاتاتتى. شېرىن ئاغرىق ئىچىدە يەنە ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتىم ۋە يەنە چۈش كۆردۈم. بۇ قېتىم تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇدەكمەن. قاتتىق ئۇسساپ كېتىپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا قارىسام يېرىم چېلەك سۇ تۇرغۇدەك، مەن بېرىپلا چېلەككە بېشىمنى تىقىپتۇدەكمەن، لېكىن شۇ ھامان چېلەك بېشىمغا كىيىلىپ قاپتۇدەك ۋە دېمىم سىقىلىپ، نەپەس ئالالماي قاپتىمەن... بىرلا ۋارقىراپ يەنە ئويغىنىپ كەتتىم. ۋاقىت چۈش بولۇپ قاپتۇ. ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈزۈمنى يۇيۇش - يۇماسلىق ھەققىدە بىر ھازا ئويلاندىم، يۇمسام يەنە ئۇخلاپ قالىدىغاندەك قىلاتتىم، شۇڭا سۇخانىغا چىقىپ يۈزۈمنى بىر - ئىككى سىيپاپلا ياتاققا قايتىپ كىردىم. شۇ چاغدا

ياتاقنىڭ ئىشىكى چېكىلىپ قالدى، ئىشىكنى ئاچسام، بىر قاچا تاماق تۇتقىنىچە رىزۋان تۇرۇپتۇ.

رىزۋان مېنىڭ ساۋاقدىشىم، ئوچۇقراق ئېيتسام سۆيگىنىم. بىز ئىككى يىللىق مۇھەببەت تارىخىغا ئىگە ئىدۇق. ئۇنىڭ بىلەن زادى قانداق مۇھەببەتلىشىپ قالغانلىقىم ئۈستىدە ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. مەكتەپكە كېلىپ بىرەر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىپ قالدىم. مەن كىچىكىمدىن كىتاب ئوقۇشقا قىزىقاتتىم، ئۇمۇ كىتابقا بەك ھەۋەس قىلاتتى، يا شۇ سەۋەبتىنمىكىن؟!

— ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ.

— ياق، ئاخشام كۆپرەك ئىچىپ سالغىنىمدىن، ئەتىگەندە تۇرالمىدىم.

— ھاراق ئىچمەڭ دېسەم، دائىم ئىچىدىكەنسىز، — دېدى ئۇ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ. مېنىڭ ھاراق ئىچىشىم بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ، دېيىشنى ئويلىدىمىيۇ گەپ قىلمايلا قويدۇم.

مەن تاماق يېيىشكە باشلىدىم. رىزۋان ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— سىز دائىم يوتقىنىڭىزنى يىغمايدىكەنسىز، يېقىندىلا يۇيۇپ بەرسەم، يەنە كىر بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— يوتقاننى يىغىپ نېمە ئاۋارىچىلىك، ئەتىگەندە يىغسام، كەچتە يەنە سالىدىكەنمەن. يوتقان كىر بولسا نېمە بوپتۇ، كىر بولسىمۇ، پاكىز بولسىمۇ ئادەمنى ئىسسىتسىلا بولىدىغۇ، — دېدىممەن. ئۇ «ساراڭ» دېدى ـ دە، ماڭا تەتۈر قارىۋالدى. مەن تامىقىمنى يەۋەردىم. بىردىنلا مەندە ئۇنى سۆيۈپ قويۇش ئىستىكى تۇغۇلدى. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ تامدىكى قالايمىقان چاپلانغان رەسىملەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كىچىك قۇلىقى ۋە سۇزۇك يۈزى ماڭا ئىنتايىن سۆيۈملۈك كۆرۈندى. تامىقىمنى يەپ بولۇپ قاچىنى قويدۇم ـ دە، ئۇنىڭ يېنىغا ئاستا باردىم ۋە يۈزىنى ئالىقانلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ، لېۋىگە سۆيدۈم. ئۇنى سۆيۈۋېتىپ

يەنە خىيال ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. قايسىدۇر بىر چەت ئەل كىنوسى كاللامغا كىرىۋالدى، كىنودىكى ئەر باش قەھرىمان بىلەن ئايال باش قەھرىماننىڭ سۆيۈشكەن كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. مەندە بىردىنلا ئەر باش قەھرىماننى دوراپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى، مەن رىزۋاننىڭ دۈمبىسىنى سىلىغىنىمچە ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قىستىم، ئۇ بوش ئىڭرىغىنىچە ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. مېنى بىردىنلا كۈلكە قىستاپ كەتتى. ئۇ ئاستا كۆزىنى ئاچتى ۋە:

— نېمە بولدىڭىز، — دېدى. مەن دەرھال كۈلۈشتىن توختاپ:

— ھېچنېمە، — دېدىم. ئاغزىم بىر خىل تەمسىز يېمەكلىكنى يەپ سالغاندەك لاۋزىلىشىپ كەتكەن ئىدى. مەن ئاستا سۇخانىغا چىقىپ ئاغزىمنى چايقىۋەتتىم. رىزۋان خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. بىردىنلا ئېسىمگە ئۆيدىن ئەۋەتكەن پۇل بىلەن خەت چۈشتى. ئۆيدىكىلەر خەتتە «پۇلنى تاپشۇرۇۋېلىپلا دەرھال جاۋاب خەت ياز، ئۇزاقتىن بېرى خەت يازمايدىغان بولۇپ قالدىڭ» دېگەن ئىدى. راست ئەمەسمۇ، مەن بۇ مەۋسۇمدا ئۆيگە بىر پارچىمۇ خەت يېزىپ باقماپتىمەن. ئالدىمغا بىر ۋاراق قەغەز ئالدىم ۋە كونا مۇقام بويىچە خېتىمنىڭ بېشىدا ئۆيدىكىلەردىن، تۇغقانلاردىن ئەھۋال سوراپ ئۆتتۈم، ئاندىن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىمنى يازدىم، خەت يېرىم بەتتىلا ئاخىرلاشتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ يەنە نېمە يېزىش كېرەكلىكىنى بىلەلمىدىم. گېپىم تۈگىگەن تۇرۇقلۇق قىينىلىپ نېمە قىلىمەن، مۇشۇنىلا سېلىۋەتمەيمۇ!؟ مەن كونۋېرت ئېلىش ئۈچۈن يانچۇقۇمغا قول سالسام، بىر تىيىنمۇ يوق. ئاپلا، تۈنۈگۈنكى پۇلدىن ئازراقمۇ ئەپ قويماپتىمەن. يەنە ساۋاقداشلىرىمدىن پۇل سوراپ ئاران دېگەندە رىشاتتىن ئۈچ مو تاپتىم. «ۋۇي، ساڭا تۈنۈگۈنلا پۇل كەلگەن ئىدىغۇ» دېدى ئۇ ھەيرانلىق بىلەن ئۈچ مونى تەڭلەۋېتىپ. «تۈنۈگۈن دېگەن تۈنۈگۈن، بۈگۈن دېگەن بۈگۈن» دېدىممەن تەرسالىق بىلەن. مەن پوچتىخانىغا كىرىپ خەتنى سېلىۋەتتىم - دە، سىرتقا قاراپ ماڭدىم. يولدا كېتىۋېتىپ پۇتۇمنىڭ توڭلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. قا-

رىسام ، ئايىغىمنىڭ ئۇچى ، يانلىرى يىرتىلىپ كېتىپتۇ . ئاپلا ، تۇنۇگۇن نىمىشقا ئايىغىمغا سەپسالمىغاندىمەن . بىردىنلا لۆڭگەمنىڭ كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەنلىكى ، يۈز سوپۇنۇمنىڭمۇ تۈگەپ كەتكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى . «بۇ نەس باسقان پۇل تۈنۈگۈن كەلگۈچە بۇگۈن كەلسە بولمامدۇ » دەپ ئاچچىقلاندىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە . ئىشتانىنى سېتىۋېتىپ ئاياغ ئالايمۇ يا ؟ دەپمۇ ئويلىدىم . بىراق ، ئىشتىنىمنىڭ پۇلىغا ئاياغ كەلمەيدۇ ـ دە .

ئوقۇغۇچىلار كەچلىك تاماق يېيىش ئۈچۈن قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئاشخانىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى . مەنمۇ ئاشخانىغا باردىم ۋە تونۇش بىرەيلەننىڭ يېنىغا بېرىپ قاچىسىنىڭ بوشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم . ئۇنى ساقلاۋېتىپ يەنە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدۇم : قايسىدۇر بىر شەنبە كۈنى ياتاقتىكى ئالتەيلەن 10 كويدىن سەي بېلىتى يىغىش قىلىپ بىر سورۇن تۈزگەن ئىدۇق ، سورۇن ئىنتايىن مول بولغان ، توخۇ گۆشى ، بېلىق ، كاۋاپ دېگەنلەر ئۈستەلگە توشۇپ كەتكەن ئىدى ... كىچىك چاغلىرىمدا ئانام ماڭا دائىم تۇخۇم پوشكىلى پىشۇرۇپ بېرەتتى ، مەن تۇخۇم پوشكىلىغا بەك ئامراق ئىدىم ... خىيالدىن ئۆزۈمنى تارتىپ يېنىمغا قارىسام ، مەن قاچىسىنىڭ بىكار بولۇشىنى كۈتۈۋاتقان ھېلىقى تونۇشۇم كۆرۈنمىدى ، ئۇنىڭ قاچىسىدا باشقا بىرى تاماق يەۋېتىپتۇ . بۇ ئوقۇغۇچىدىن قاچىنىڭ ئىگىسىنى سورىدىم .

— ئۇ بايىلا كەتتى ، قاچىنى سىزگە بېرىشىمنى ئېيتقان . ھازىرلا يەپ بولىمەن ، — دېدى ئۇ . مەن ئۇنىڭدىن تاماكا سورىۋالدىم ۋە قاتتىق شوراشقا باشلىدىم . ئۇ تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن قاچىنى ئېلىپ ئەمدى تاماق ئالاي دەپ تۇرۇشۇمغا ، رىشات پەيدا بولدى ۋە :

— مۆمىن ئاداش ، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى ، مەن ئاۋۋال يەۋالسام قانداق ، — دېدى . مەن بېشىمنى قاشلاپ بىردەم تۇرۇۋېتىپ ، « مەيلى » دەپ قاچىنى ئۇنىڭغا بەردىم . سوغۇق خېلى كۈچىيىپ قالغان بولۇپ ، پۇتۇم مۇزلاشقا باشلىدى . مەن ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ

پۇتۇمنى ئىسسىتىشقا ئۇرۇندۇم . بىرھازادىن كېيىن رىشات قاچىنى بوشىتىپ ئېلىپ كەلدى . قاچىنى ئېلىپ تاماق ئالغىلى بارسام ، تاماق ئال-لىنىقاچان تۈگەپ بوپتۇ . مەن قاچىغا تىكىلگىنىمچە تۇرۇپ قالدىم . «بوپتۇلا ، ئاخىر بىر قاچىغا ئىگە بولۇپ قالدىمغۇ » دەپ كەينىمگە ياندىم .

كەچلىك مۇزاكىرىدە ھېچ ئىش خۇشياقمىدى . ئۇنى - بۇنى مەقسەتسىز ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزدۇم ۋە ۋاقىتنىڭ توشۇشىنى كۈتمەيلا ياتاققا چىقىپ كەتتىم . ياتاقتا بىرقانچە ساۋاقدىشىم ھەدەپ قايىسىدۇر بىر قىز ئۇستىدە تالاش - تارتىش قىلىشۋاتاتتى . مېنىڭ پاراڭ-لىشىشقا رايىممۇ يوق ئىدى ، ئاستىلا كارىۋاتقا چىقىپ يېتىۋالدىم . كۆزۈم ئۆيىقۇغا ئىلىنىشى بىلەن كىملەرنىڭدۇر ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ، جالاق - جۇلۇق دۇپۇرلەشلەردىن ئويغىنىپ كەتتىم . كۆزۈمنى ئاچسام ، ياتاقداشلىرىم يوتقانلىرىدىن بىر - بىرلەپ سۇغۇرۇلۇپ سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپتۇ . مەن بىر كىملەرنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ ، كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىدە ئايىغىمنى سېپىپ كارىدورغا چىقتىم . كارىدور يالى-ڭاچلار دۇنياسىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ ، بىر توپ ئوقۇغۇچى كارىدوردا قىستىلىشىپ ، بىر دائىرە ھاسىل قىلغان ئىدى . مەن توپنى يېرىپ ئوتتۇ-رىغا كىردىم ، ئوتتۇرىدا كالتە ئىشتانلىق ئىككىيلەن پومداقلىشىۋاتاتتى ، ئۇلارنىڭ باش - كۆزى قانغا بويالغان بولۇپ ، بىرىنىڭ چېچى بىرىنىڭ قولىدا ، بىرىنىڭ قولى بىرىنىڭ كانىيىدا ئىدى . ئەتراپتىكىلەر خوراز سوقۇشتۇرۇشنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك ، بۇ ئىككىسى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىغاچ ئويۇن كۆرۈۋاتاتتى . مېنىڭ ئۇلارغا ئاچچىقىم كەلدى ، نېمىشقا ئاجرىتىپ قويمايدىغاندۇ ؟ مەن جېدەللىشىۋاتقان ئىككىسىنى ئايرىش ئۇ-چۇن ئارىغا چۈشتۈم ، شۇ ھامان جالاققىدە قىلىپ تەگكەن بىر مۇشتتىن كارىدورنىڭ تېمىغا چاپلىشىپ قالدىم . ئەتراپتىكىلەر قىي - چۇۋ كۆتۈ-رۈپ ۋارقىرىشىپ كەتتى . بۇلارنى نېمىشقا ئاجراتمايدىكىن دېسەم ، ئەسلىدە مۇشۇنداق ئىشكەن - دە . مەن مۇشت تەگكەن ئېڭىكىمنى سى-لىغىنىمچە ئۇلارغا پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ ياتاققا كىرىپ كەتتىم .

ئەتىسى ئەتىگەندە شېرىن ئۇيقۇدىن كۆزۈمنى زورمۇ زور ئېچىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. يۈزۈمنى چالا - بۇلا يۇيۇپ، ھاپىلا - شاپىلا تاماق يېدىم - دە، دەرسخانىغا قاراپ يۈگۈردۈم. بۈگۈن ماڭا دەرس زادىلا خۇشياقمىدى. دەرس ۋاقتىدا سىرۋانتىسنىڭ « دونكىخوت » روما- نىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، دەرس ئوقۇتقۇچىسى تۇيۇقسىزلا ئىسمىمنى چاقىرىپ قالدى، مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟

— كىتاب كۆرۈۋاتىمەن، — دېدىمەن خاتىرجەملىك بىلەن.

— دەرس ۋاقتىدا نېمە ئۈچۈن باشقا ماتېرىيال كۆرىسەن؟!

مۇئەللىم بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى. راست گەپ قىلسامۇ نېمىشقا ئاچچىقلايدىغاندۇ، نېمدەپ جاۋاب بېرەرمەن؟ راست، كىتابنى نېمە مەقسەتتە كۆرگەندىمەن؟ خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ مۇئەللىمنىڭ «ئولتۇر» دېگەن گېپىنى ئاڭلىماپتىمەن. « ئولتۇر دەۋاتىمەن! » قاتتىق ۋارقىراشتىن چۆچۈپ ئېسىمگە كېلىپ، ئاستا ئولتۇرۇۋالدىم. بىراق، تۆت سائەت ۋاقتىم مۇئەللىمنىڭ ھېلىقى سوئالىغا جاۋاب تاپالماي ئۆتۈپ كەتتى.

بىر كۈنى قايسىدۇر بىر ئىش بىلەن يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىغا كىرىپ قالدىم. ئۇلار يۇرتىنى، ئاتا - ئانىسىنى بەك سېغىنغانلىقى، بۇ يەردىن بەك زېرىككەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتاتتى، ھەتتا بەزىلىرى مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى. بىردىنلا ئويلىنىپ قالدىم: مەن نېمىشقا ئۆيۈمنى، ئاتا - ئانامنى سېغىنمايمەن؟ تۇزكور، بۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ. مەن ياتاققا كىرىپلا كارىۋاتتا يېتىپ ئۆيدىكىلەرنى ئويلاشقا بەل باغلىدىم. بىراق، بۇنداق خىيالىم بىرەر مىنۇت داۋام قىلاتتى - دە، باشقا خىياللارغا ئالمىشىپ كېتەتتى: غەزەپ ۋە مەسخىرە ئۇچقۇنى چاقناۋاتقان قاپقارا كۆز، قېلىن لەۋ... سىنىپىمىزدىكى ئەڭ شوخ ۋە ئەڭ چىرايلىق قىز گۈلنۇرنىڭ نازلىنىپ ئەركىلەشلىرى... ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كېلىشكە باشلىدى. بولدىلا، ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلماي، كېيىنچە ئەسلەپ قالارمەن. مەن ئاستا -

ئاستا ئۇخلاپ قاپتىمەن ، چۈشۈمدە يوغان بىر ئاق مۈشۈكنى كۆرۈپتى- مەن ، ئۇ مىياۋلىغىنىچە ھەدەپ ماڭا سۈر كىلىۋاتقۇدەك ... ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى سۆيى دائىم قاپقارا لاي تۇرىدىغان كۆلنىڭ بويىدا يىڭناغۇچ قوغلاپ يۈر گۈدەكمەن ...

بۈگۈن مەندىن تۇيۇقسىزلا دەرس سورالدى . ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم بىلەن مۇئەللىم :

— چاپىنىڭىنىڭ ئالدىنى ئەت ، — دېدى . بىردىنلا ئاچچىقىم كېلىپ قالدى . مۇئەللىمنىڭ چاپىنىم بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ ، دەرسنى سورىسا بولمامدۇ . ئاچچىقىمنى زادىلا بېسىۋالالماي قالدىم ۋە : «سىزنىڭ چاپىنىم بىلەن نېمە كارىڭىز » دېدىم . بالىلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى . مۇئەللىم شۇ ھامان :

— ئوقۇغۇچى بولغاندىكىن ئوقۇغۇچىدەك يۈرمەمسەن ، — دەپ ۋارقىرىدى . مەن تېخىمۇ بوش كەلمەي :

— نەدىمۇ « ئوقۇغۇچىلار چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئېتىپ يۈرۈشى كېرەك » دېگەن قائىدە بار ئىكەن ، — دېدىم . مۇئەللىم مۇنبەردىن ئېتى- لىپ چۈشۈپ : « دەرسخانىدىن چىق ! » دېگىنىچە مېنى ھەيدەپ چىقاردى .

مۇئەللىم مۇناسىۋەتسىز ئىشقا ئېسىلىۋېلىپ نېمشقا بۇنچىۋالا چې- چىلىپ كېتىدىغاندۇ ، دەپ ئويلىدىم چىقىپ كېتىۋېتىپ . ئەمدى نەگە بېرىش كېرەك ؟ مەن بىرھازا ئويلىنىپ ، قىرائەتخانىغا كىرىپ كىتاب ئو- قۇماقچى بولدۇم . قىرائەتخانىدا ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەسكەن ، ژۇرنالدىن بىرنى ئېلىپ ئاستا ۋاراقلاشقا باشلىدىم ، تۇيۇقسىز بىر پارچە شېئىرغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . بۇ سەھرا قىزىنى مەدھىيىلەپ يېزىلغان مۇھەببەت لىرىكىسى بولۇپ ، شېئىر ماڭا ئاجايىپ ياراپ كەتتى . « ھەي ئىست ، مۇشۇ تېمىدا نېمشقا بۇرۇنراق يېزىپ باقمىغاندىمەن ؟ » ئۈنلۈك چىقىپ كەتكەن ئاۋازىمدىن چۆچۈپ كەتكەن قىرائەتخانىدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىشتى . ئۇلار بىلەن كارىم بولماي قەغەز - قە-

لەم تەييارلىدىم ـ دە ، ئاشۇنداق شېئىردىن بىرنى يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم ، تۆت سائەت ھەپىلىشىپ يەتتە كۇپلېتلىق شېئىردىن بىرنى يېزىپ چىقتىم . ئۆمرۈمدە بۇنچىلىك كۆپ شېئىر يېزىپ باقمىغان ئىدىم . مەن مەمنۇن بولۇپ ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىمغا مەغرۇر قاراپ قويدۇم . لېكىن ، قانچە ئوقۇسامۇ بۇ شېئىر مېنى ژۇرنالدىكى شېئىردەك تەسىرلەندۈرەلمىدى . ئاخىر ئاچچىقىم كېلىپ شېئىرنى يىرتىۋەتتىم ـ دە ، قىرائەتخانىدىن قايتىپ چىقتىم . ئۇيان ـ بۇيانىدا بىردەم ئايلىنىپ يۈردۈم . كەچقۇرۇن دەرسخانىغا كىرسەم ، رىزۋان مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتىكەن ، « سىرتقا چىقايلى » دېدى ئۇ . بىز ئالمىلىق باغقا كېلىپ ئارچىغا يۆلەنگىنىمىزچە بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ تۇردۇق . تۇيۇقسىزلا كەچلىك تاماقنى يېمىگەنلىكىم يادىمغا كېلىپ ، قورسىقىم ئېچىشقا باشلىدى . سوغۇق شامال يالىڭاچ ئالما شاخلىرىغا ئۇرۇلۇپ ۋىژىلداپ ئاۋاز چىقىراتتى ، ئاي قاراڭغۇسىدا يىراق ـ يىراقتىكى يۇلتۇزلار ئاجىز پىلىلداپ تۇراتتى . مەن ھەدەپ تىترەيتتىم ، بىر سوغۇق ئېقىم پۈتۈن ئۇچىدىن كىرىپ مېڭەمگە سانجىلىۋاتاتتى ، چىشلىرىم توختىماي كاسىلدايتتى . مېنىڭ رىزۋانغا ئاچچىقىم كەلدى ، ئۇ مېنى بۇ يەرگە نېمىشقا باشلاپ كەلگەندۇ . مەن رىزۋانغا قارىدىم ، ئۇ بېشىنى ئارچىغا تىرىگىنىچە يان تەرەپكە قاراپ تۇراتتى . مەن ئەمدى زادىلا چىدىيالمىدىم ، قولىقىم ئۇششۇپ چۇشۇپ قالىدىغاندەك ، پۇتۇن بەدىنىم قېتىپ قالىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى . مەن غىپلا قىلىپ كەينىمگە بۇرۇلۇپ ، ياتاق تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردۈم . « ھەي ، مۆمىن ، نېمە بولدىڭىز ؟ ! » رىزۋاننىڭ تەئەججۇپ ، ۋەھىمە ئارىلاشقان ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدىم . « نېمە بولاتتىم ، توڭلاپ چوكا مۇزغا ئايلىنىپ قالدىم » دېدىم يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ .

باسقۇچلۇق ئىمتىھان باشلاندى . بىراق ، ماڭا تەييارلىق قىلىش زادىلا خۇشياقمىدى . ئىمتىھان مەيدانىغا دەرسلىك كىتابنى چالا ـ بۇلا ۋاراقلاپلا ئالدىراش ـ تېنەش كىردىم ، كۆز يۈگۈرتسەم ، سوئاللار ئانچە قىيىنمۇ ئەمەسكەن ، ئانچە ئاسانمۇ ئەمەسكەن . لېكىن ، دەرسلىكتىن

ئوقۇغانلىرىم كاللامدا زادىلا يوق ئىدى. ئۇ يەر - بۇ يەردىن تېرىشتۇرۇپ بېشىنى ئازراق باشلىۋالدىم - دە، يېزىشقا قىزغىن كىرىشىپ كەتتىم. باشقا كىتابلاردىن ئوقۇغانلىرىم ۋە ئۇ يەر - بۇيەردىن ئاڭلىغانلىرىم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ۋاراقلارنى ئۈزلۈكسىز توشقۇزۇشقا باشلىدىم. تەسەۋۋۇرۇم بارغانچە قاناتلىنىپ، پىكرىم بارغانچە ئېچىلماقتا ئىدى. بىر چاغدا قارىسام، ئۈچ سوئالغا جاۋاب يېزىپ بوپتىمەن، ئاخىرقى بىر سوئال قاپتۇ. ئۇنى قانداق باشلاش توغرىسىدا ئېڭىكىمنى تىرىگىنىمچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدىم، خىيالىم يەنە باللىق دەۋرىمگە كېتىپ قالدى: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى، بىر كۈنى قوناقلىقتا ئوت ئالغىلى كىردىم، بىر چاغدا ئالدىمدىن سېۋەت كۆتۈرۈپ بىر چوكان چىقىپ كەلدى ۋە «مېنى سۆيۈپ قوي» دەپ ماڭا ئېسىلىۋالدى. مەن «ماقۇل» دەپ ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈشۈم بىلەن، ئۇ يوتامنى قاتتىق چىمدىۋالدى. مەن «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىغىنىمچە قېچىپ كەتتىم، قېچىپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم... «يېرىم سائەت ۋاقىت قالدى، تېزراق يېزىڭلار.» كومىسسىيىنىڭ ئاۋازى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. مەن ئالدىراپ تۆتىنچى سوئالغا جاۋاب يېزىشقا باشلىدىم، بىراق ئەڭ ئاخىرقى كىچىك بىر سوئالنىڭ جاۋابىنى پەقەت تاپالمىدىم. ئەتراپقا قاراپ، ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان ئىككى چىرايلىق قىزنىڭ ھەدەپ كۆچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇنچە ئاۋارە بولغۇچە مەنمۇ كۆچۈرۈپ قويمايمۇ، مەن شۇنداق ئوي بىلەن تارتمامنى ئېچىپ، كىتابنى ئالدىم - دە، ئاستا ۋاراقلاشقا باشلىدىم. «ھەي! نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟» 30 ياشلار چامىسىدىكى بۇرۇتلۇق كومىسسىيە ۋارقىرىغىنىچە يېنىمغا كەلدى.

— كۆچۈرۈۋاتىمەن، — دېدىممەن تەمكىنلىك بىلەن.

— ئىمتىھان قائىدىسىنى بىلمەمسەن؟

— ئەجەب ئەتىگەندىن بېرى ئاۋۇ قىزلارغا گەپ قىلمايسىزغۇ؟!

— سەن، سەن... — ئۇنىڭ تىكەندەك قاپقارا بۇرۇتلىرى لى-

كىلداپ كەتتى، ــ ماڭ، چىق ! ــ ئۇ قەغىزىمنى تارتىۋېلىپ مېنى دەرسخانىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ جازاسى دەرسخانىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىمەن.

ئۈچ كۈندىن كېيىن نەتىجىلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلدى. « مۆمىن مۇسلىم 46 » ... مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ :

ــ نومۇرۇم بەك تۆۋەن بولۇپ قاپتۇ، ئىمتىھان قەغىزىمنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلىمەن، ــ دېدىم. بۇرۇتلۇق مۇئەللىم ماڭا مەسخىرىلىك تىكىلىپ تۇرۇپ :

ــ 46 نومۇر ئالغىنىڭغا خۇش بولساڭ بولىدۇ. ئەسلىدە ئىمتىھان تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن نەتىجەڭنى نۆل قىلىۋەتكەنتىم، سىنىپ مۇدىرىڭنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن قەغىزىڭنى تەكشۈرۈپ شۇ نومۇرنى قويدۇم. قەغىزىڭدە كاللا دېسە، پاقالچاق دەپسەن، تاغدىن سورىسا، باغدىن جاۋاب بېرىپسەن.

لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇۋالدىم. تازا دۆت ئوقۇتقۇچىكەن بۇ، شۇنداق ئەتراپلىق جاۋاب بەرسەم، دەۋەتقان گېپىنى. باشقىلاردەك كىتابتىن يادلاپ، قاتۇرۇپ قويسام بوپتىكەن.

ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، بولۇپمۇ قىزلار مېنى ياراتمايتتى. رىزۋان بىلەن گۈلنۇرلا ماڭا ئامراق ئىدى. بىراق، كۆپ ساندىكىلەر گۈلنۇرنىمۇ « شاللاق » دەپ تىللايتتى. قايسىبىر شەنبىدە بىر سودىگەرنىڭ ئۇنى موتسىكلىتىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ ئېلىپ كەتكەنلىكى، قايسىبىر كەچتە تەنتەربىيە فاكۇلتېتىدىكى بوكسچى ئەسەمەتنىڭ ئۇنى كۇتۇپخانىنىڭ كەينىگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. رىزۋانمۇ دائىم قايناپ - تاشقىنىچە مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، گۈلنۇرنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ بېرەتتى. نېمىشقا ھەممىسى گۈلنۇر بىلەنلا قالدىغاندۇ ؟ دەپ ھەيران قالاتتىم. باشقىلارغۇ ئەسكى دېسۇن، ئاق كۆڭۈل رىزۋانىڭمۇ ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلغىنى نېمىسى. مەن شۇلارنى ئويلاپ رىزۋاننىمۇ كۆرەلمەس ئوخشايدۇ دەپ قالدىم. بىر ئاي

بۇرۇن بولغان مۇنداق بىر ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى : بىر شەنبە كۈنى نېمە سەۋەبتىنكىن ئازراق ھاراق ئىچىپتىكەنمەن ، كىنوغا كىرەيمىكىن دېگەن خىيال بىلەن مەكتەپ كىنوخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلسەم ، گۈلنۇر ئۇچراپ قالدى .

— كىنوغا كىرەمسىز ؟ — دېدى ئۇ .

— كىرمىسەم كەلمەيتتىم ، — دېدىم .

— ئۇنداقتا بىللە كىرەيلى .

— ئىختىيارىڭىز .

ئىككىمىز زالغا بىللە كىرىپ بىر يەردە ئولتۇردۇق . كىنو قويۇلۇۋاتاتتى ، مەن ئاستا - ئاستا قولۇمنى گۈلنۇرنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە تىقىپ كۆكسىنى تۇتتۇم . ئۇنىڭ كۆكسى شۇنداق قىزىق ، ماmۇقتەك يۇمشاق بولۇپ ، تومۇر - تومۇرلىرىمغا بىر خىل ئەسەبىي سېزىم تارقىلىشقا باشلىدى . شۇ چاغدا خىيالىمغا ھېلىقى بىر چاغدا مەن قوناقلىقتا ئوت ئالغىلى كىرگەندە يوتامنى چىمدىۋالغان ئاقپىشماق چوكاننىڭ كۆڭلىكىنى يىرتىپ چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان توپتەك يوغان ۋە چىڭ كۆكسى كېلىپ قالدى . شۇ ئارىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى ، ئېسىمنى يىغسام ، كىنو تۈگەپتۇ . مەن قولۇمنى تارتىۋالدىم - دە ، كۆپچىلىك ئارىسىدا قىستىلىپ يۈرۈپ سىرتقا ماڭدىم . سىرتقا چىقىپ گۈلنۇر يادىمغا كەلدى ، كەينىمگە قارىسام ئۇ يوق ، شۇنىڭ بىلەن ياتاققا كىرىپ كەتتىم .

بۈگۈن يەنە رىزۋان بىلەن كۆرۈشتۈم . ئۇ ئېسەدىگىنىچە مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى :

— سىز مېنى زادى ياخشى كۆرمەيسىز ، مەن بىلەن توي قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىدىڭىز .

مەن سوغۇقتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن چاپىنىمغا ئورىنىپ ، بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ تۇراتتىم ، كاللامغا ھېچقانداق ئوي كەلمەيتتى . راستىنى ئېيتسام ، قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنىمۇ بىلمەيتتىم . ئۇ بىردەم جىم بولۇپ ، بىردىنلا : « سىز بەك ئەسكى ، باغرىڭىز تاش ، ئادەمنىڭ قەلبىنى قىلچە

چۇشـەنـمەيسىز » دېگىنىمچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى . قىزىق ، مـەن شـۇنـداق ئەسـكى تۇرسام ، ئۇ يەنە نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن يۇرگەن- دۇ ؟ غـۇژژىـدە ئاچچـىقـىـم كـەلـگەندەك بولدى ، مەسخىرىلىك ئۇچقۇن چاقناۋاتقان قاپقارا كۆز ، قۇرۇق سۆلەت بايۋەچچە دېگىنىمچە پۇرۇشۇۋاتقان قـېلـىـن لـەۋ ... يـادىمغا كېلىۋالدى ، شۇ چاغدىمۇ بەك ئاچچىقىم كەلگەن ئىـدى . قـولـۇم چـاقـمـاق تېزلىكـىـدە كۆتۈرۈلدى ، « چاك » قانداقلارچە ئۇنـى ئۇرۇپ سالغانلىقىمنى بىلمەيلا قالدىم . ئۇنىڭغا شۇ هامان ئىچىم ئاغ- رىـپ قـالـدى ، بـىـراق بـەرىـبـىـر كـېـچىكتىم ـ دە . مەن ئۇنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى كۈتتۈم . ئۇ بىرهازا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە :

— سـىـز بـىـلەن يۇرۇۋاتقىلى ئۈچ يىل بولۇپ قاپتۇ ، سىز مەندىن زېـرىـكـىـپـسـىـز . ئۇنـداقـتـا مـۇشـۇ يـەردە ئايـرىلىپ كېتەيلى ، — دەپلا يـۈگـۈرگىنىچە كېتىپ قالدى . مەن ياقامنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ ، ئىـكـكـى قـولـۇمـنـى ئىـشتان يانچۇقۇمغا تىققىنىمچە قايسىدۇر بىر ناخشىغا غىـڭـشـىـپ ياتاققا كىرىـپ كەتتىم . ياتاق تاماكا ئىسى ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تـولـغان بولۇپ ، يەتتە ـ سەككىز ساۋاقدىشىم قىزغىن قارتا ئويناۋېتىپتۇ . مەنمۇ چاپىنىمنى سېلىۋېتىپ قارتچىلارنىڭ قاينىمىغا كىرىـپ كەتتىم .

ئىـككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ، بىر كۈنى رىزۋانغا ئاستا قارىدىم ، ئۇ كۆزۈمگە بۆلەكچىلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى . هوي ، ئۈچ يىلدىن بېرى نـېـمـىـشـقـا ئۇنـىـڭـغـا تـۈزۈكرەك زەن قويمىغاندىمەن ، ئۇنىڭ لەۋلىرى ، بۇرۇنلىرى بەكمۇ چىرايلىقكەن ئەمەسمۇ . كەچتە مۇزاكىرىدىن چۈشكەندە ئۇنـى سـىـرتـقـا چـىـقىشقا تەكـلىپ قىلـدىم ، ئۇ ماڭا يالت قىلىپ قاراپ قـويدى ـ دە ، دىمىغىنى قاققىنىچە بىر دوستى بىلەن چىقىپ كەتتى . مەن هەيـران قـالـدىم ، ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ ؟ نېمىدېسەم گەپ ـ سۆزسىز ما- ڭـىـدىـغان بـۇ قـىـز ئەمـدى مـاڭا قاراپمۇ قويماي چىقىپ كېتىۋاتىدىغۇ ؟ ئەتىسى رىشات ياتاقتا :

— هەي مۆمـىـن ، رىـزۋان شـۇنداق ياخشى قىز تۇرسا ، نېمىدەپ ئۇنـىـڭـدىـن ئايرىلىپ كەتتىڭ ؟ ئەخمەقتە سەن ، ئەخمەق ، — دېگىنىچە

ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. كارىۋاتتا يېتىپ خىيالغا چۆكتۈم، ئەسلىدە مۇنداق ئىشكەن ـ دە، ئاخشام نېمىشقا گېپىمنى ئاڭلىمايدىكىن دېسەم، بىز ئايرىلىپ كېتىپتۇقتە. دېمىسمۇ باشقىلار دائىم «رىزۋان مۆمىنگە زايە كەتتى» دەپ كۆرەلمەي يۈرۈشەتتى. راست ئەمەسمۇ، ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇ كىرلىرىمنى يۇيۇپ بەردى، پۇلۇم تۈگىسە پۇل بەردى، كېسەل بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا ماڭا ئۆز ئانامغا ئوخشاش قارىدى. ھەي ئىسست، ئۇنى نېمىشقا ئۇرغاندىمەن. بىردىنلا مېنى قاتتىق يىغا تۇتتى، ئۆزۈمنى زادىلا تۇتۇۋالالماي بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدىم، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

يەكشەنبە كۈنى سائەت توققۇزغىچە ئۇخلىدىم. ئويغىنىپ ياتاقداشلىرىمنىڭ قوپۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «يەنە بىرئاز ياتاي» دەپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغانسام ياتاقتا ھېچكىم قالماپتۇ، قورسىقىم بەك ئېچىپ كېتىپتۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىيىملىرىمنى كىيدىم ـ دە، تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشخانىغا باردىم، ئاشخانا تاقىلىپ بولغان ئىكەن، كەينىمگە قايتتىم. ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلسەم، رىشات ئۇچراپ: «بىر مەيدان سىنئالغۇ كۆرۈپ كەلمەمدۇق» دېدى. مەن ماقۇل بولدۇم. ئىككىيلەن بازارغا قاراپ ماڭدۇق. باغچىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىرسى رىشاتنى قاتتىق سوقۇۋەتتى، رىشات سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى، ئۇ غەزەپ بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ ھېلىقى كىشىگە قارىدى، ئۇ ئادەممۇ ئۈچ ـ تۆت قەدەم مېڭىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ رىشاتنىڭ قارىغانلىقىنى كۆرۈپ:

ـــ ھە، قارايسەنغۇ، گېپىڭ بارمىتى؟! ـــ دېدى.

ـــ كۆزىڭىزگە قاراپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ، نېمىشقا ئادەمنى سوقۇۋېتىسىز، ـــ دېدى رىشات.

ـــ ھوي، كۆزۈمگە قاراپ ماڭماي بۇرنۇمغا قاراپ مېڭىپتىمەنمۇ؟! ـــ دېدى ھېلىقى ئادەم رىشات تەرەپكە كېلىۋېتىپ.

مەن بەك قورقۇپ كەتتىم، ئۆمرۈمدە بىرسى بىلەن مۇشتلىشىپ

باقمىغان ئىدىم ، كىچىك ۋاقىتلىرىمدىمۇ قورقۇنچاق بولغاچقا ، دائىم تاياق يەيتتىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە رىشاتنىڭ گەۋدىسى ھېلىقى ئادەمنىڭ تۇرقىغا قارىغاندا خېلىلا ۋىجىك ئىدى . ئۇلار ھەدەپ بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشكە باشلىدى . كاللامغا چاقماق تېزلىكىدە « قېچىش » دېگەن خىيال كەلدى ، يالغۇز قېچىپ كەتسەم قانداق بولار ، رىشاتقا دەپ باقاي . « رىشات قېچىپ كېتەيلى » دېدىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ . « ئىككىمىز تۇرۇپمۇ قېچىپ كېتىمىزمۇ ، شۇنچە بەستىڭ بىلەن توخۇ يۈرەك نېمىكەنسەن » دېدى رىشات زەردە بىلەن . لېكىن ، ھېلىقى كىشى رىشاتنى ئۇرغىلى تۇردى ، مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم . شۇ چاغدا بىرنەچچەيلەننىڭ بىز تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، رىشاتنىڭ قولىنى تارتىپ : « قارا ، يەنە شېرىكلىرى كېلىۋاتىدۇ » دەپلا سۆرەپ ماڭدىم ، بىز ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىمىزچە مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىۋالدۇق . رىشاتنىڭ پېشانىسىدىن چېپىلداپ قان ئېقىۋاتاتتى ، ئۇ قولۇمنى سىلكىۋېتىپ ماڭا قاراپمۇ قويماي ياتاققا كىرىپ كەتتى . مەن قۇتقۇزۇپ قويمىغان بولسام ، شۇنچىلىك جىق ئادەمنىڭ ئارىسىدا قالاتتى . تازا ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان نېمىكەن بۇ ، دەپ ئويلاپ قالدىم . قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەن ئىكەن ، مەكتەپ ناۋايخانىسىغا بېرىپ بىلەتكە ناندىن بىرنى ئېلىپ ، ياتاققا كىرىپ كەتتىم .

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى . مەۋسۇملۇق ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى ، مۇشكۈل كۈنلەر يەنە باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى . بىر كۈنى بىر-لەشمە دەرستە مۇگدەپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن ۋە چۈش كۆرۈپتىمەن ، چۈشۈمدە گۈلنۇر قىيپالىڭاچ ھالدا مەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك ، مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپتىمەن ، لېكىن زادىلا بىر-بىرىمىزگە يېتەلمەپتىمىز . تۇيۇقسىزلا گۈلنۇر قىرقىم چاچلىرى ئۈستىدىن ياغلىق چىگىۋالغان ، كۆزلىرىدىن مەسخىرە ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ ، قې-لىن لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ تۇرغان بىر قىزغا ئايلىنىپ قاپتۇدەك ... قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم . شۇ ئارىدا بىر ساۋاقدى-

شىم : « مۆمىن ، سېنى فاكۇلتېت مۇدىرى چاقىرىۋاتىدۇ » دېدى . مەن سەل ھەيران بولۇپ ، فاكۇلتېت مۇدىرى ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدىم . ماڭا بىرەر يەردىن ئامەت كەلدىمۇ يە ؟ ئويلىدىممەن كېتىۋېتىپ . مېنىڭ يوشۇرۇن تالانتىمنى بايقىغان بىرەرسى مېنى فاكۇلتېتقا قايتىدىن تونۇشتۇرغان بولسا ئەجەب ئەمەس . مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرسەم ، فاكۇلتېت مۇدىرى ، سىياسىي كاتىپ ، سىنىپ مەسئۇلىمىز قاتارلىقلار ئولتۇرغان ئىكەن . مەن سەل ئەيمىنىپ ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدىم .

— ئولتۇرۇڭ ، — دېدى مۇدىر بوش ئورۇننى كۆرسىتىپ غەمكىنلىك بىلەن . مەن ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ بېقىپ ، مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە بۇ ئادەمگە بىر بەختسىزلىك كەلگەن ئوخشايدۇ ، دەپ پەرەز قىلدىم .

— سىز ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىدىغان بولدىڭىز ، — دېدى مۇدىر بوش ، ئەمما ئوچۇق قىلىپ .

— نېمە ؟ — مەن چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم .

— مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى بىر ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ قائىدە - تۈزۈملەرنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش ، ھەربىر ئوقۇغۇچىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق دەرسكە قاتناشمىغان ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئون نەچچە ئوقۇغۇچىنى مەكتەپتىن قايتۇرۇشنى قارار قىپتۇ . سىز ئۈچ يىلدىن بېرى تۆت پەننىڭ ئىمتىھانىدىن ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ پەننىڭ تولۇقلاپ ئېلىنغان ئىمتىھانىدىنمۇ ئۆتەلمەپسىز ، 50 سائەتتىن ئارتۇق دەرس تاشلاپسىز ، شۇڭا ... — مۇدىر سۆزدىن ئاستا توختىۋالدى .

يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ ، ئورۇندۇققا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم .

مانا مۆمىن سېنىڭ تەقدىرىڭ ، مەكتەپتىن قوغلىنىش . ئاھ خۇدا ! نېمىدېگەن قوپال سۆز بۇ ، بۇ ئىشنى باشقىلارغا قانداقمۇ چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولار ؟

— يۈك - تاقلىرىڭىزنى ئېلىپ چىقىڭ ، — مۇدىرنىڭ يۇمشاق ئاۋازى خىياللىمنى بۆلدى ، — مەكتىپىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە سىزنى

ماشىنا بىلەن ئۆيگىمىزگىچە ئاپىرىپ قويىمىز .

بولدىلا ، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە قۇرۇق ئاھ ئۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى . ھالسىز قەدەملەر بىلەن ياتاققا قاراپ ماڭدىم .

يۇك - تاقامنى يىغىشتۇرۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقسام ، مېنى فاكۇلتېت مۇدىرى ، سىنىپ مەسئۇلىمىز قاتارلىقلار كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . سىنىپ مەسئۇلىمىزنىڭ كۆزلىرى ياشلىنىپ قالغان بولۇپ ، ئۇ ماڭا نېمىدۇر دېمەكچىدەك ئاغزىنى ئۆمەللەپ توختاپ قالدى ۋە ئايانچلىق بىلەن قولىنى ئۇزاتتى . نېمىشقىدۇر مۇئەللىمگە قاراپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدىم . يەنە تۇرۇپلا نېمىدېگەن دەبدەبىلىك ئۇزىتىش بۇ ، مەكتەپتىن قوغلانغانلارنى مۇشۇنداق ئۇزاتسا - ھە ! دەپ ئويلاپ قالدىم . مەن بۇ يەردە تۇرغان كاتتىۋاشلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ خوشلاشتىم . يۈرىكىم بىردىنلا ھاياجان ئىچىدە تېپچەكلەپ كەتتى . چۈنكى ، مەكتەپكە كەلگەن ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇلارنىڭ قولىنى تۇتۇش تۇگۇل ، ئۇلارغا بىر ئېغىز گەپ قىلىش شەرىپىگىمۇ مۇيەسسەر بولالمىغان ئىدىم . مۇشۇ تۇرقۇمدا ئۆزۈمنى خۇددى ئالدىمدىكىلەرنىڭ ئۈمىدىنى ۋە بىر مۇقەددەس ۋەزىپىنى زىممەمگە ئېلىپ ، ئالدىنقى سەپكە كېتىۋاتقان جەڭچىدەك ھېس قىلدىم . ئەپسۇس ، مەن ئالدىنقى سەپكە ئەمەس ، ئارقا سەپكە چېكىندۈرۈلگەن ئەسكەر ئىدىم . مانا « بېيجىڭ » ماركىلىق پىكاپنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى . بۇمۇ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم پىكاپقا چىقىشىم ئىدى . يۈك - تاقلىرىم پىكاپنىڭ كەينىگە تېڭىلدى . ماشىنىغا مەن بىلەن فاكۇلتېتنىڭ سىياسىي رەھبىرىمۇ چىقتى . بۇ ئاداش نەگە بارىدىغاندۇ ؟ ۋاي - ۋۇي ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم ، بەلكىم يول ئۈستىدە چۈشۈپ قالىدىغاندۇ . شۇ ئەسنادا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن خوشلىشالمىغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى . بولدىلا ، يا مېنىڭ بىرەر دوستۇم بولمىسا ، رىزۋان مەكتەپتىن قايتۇرۇلغانلىقىمنى ئۇقسا تازا خۇشال بولۇپ كېتەر . ماشىنا ئاستا قوزغىلىپ دەرۋازىدىن چىقتى . دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان بىرقانچە ئوقۇغۇچى پىكاپقا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىشتى ، مەن ئۇلارغا مەغرۇرلۇق بىلەن

قاراپ قويدۇم . تۇيۇقسىزلا يېڭى يىلغا بەش كۈن قالغانلىقىنى ئويلاپ خۇشال بولۇپ كەتتىم ، پاھ ، ئۆيگە دەل ۋاقتىدا بارغۇدەكمەن ، يېڭى يىلنى ئۆيدە تەبرىكلەيدىغان بولدۇم ـ دە ، تېخى قىشلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتىش پۇلۇمنىمۇ تېجەيدىغان بولدۇم .

دەرەخلەر ، ئادەملەر ، بىنالار ماشىنا دېرىزىسىدىن لىپ ـ لىپ قىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى . ئۆيگە قايتقاندا ، تەتىلدىن قايتىپ كەلگەندە ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن تالاي قېتىم كۆرۈپ بولغان بۇ مەنزىرىلەرگە تويىماي قاراپ كېتەتتىم ، لېكىن نېمىشقىدۇر بۇ قېتىم سىرتقا قارىغۇم كەلمىدى . بارا ـ بارا شەھەر سىرتىغا چىقىپ قالدۇق . مېنى « مەكتەپتىن قوغلىنىش » دېگەن سۆز يەنە قىيناشقا باشلىدى ، بۇنى ئويلىساملا مېنى يىغا تۇتۇپ كېتەتتى . ئۆيدىكىلەر نېمىدەپ ئويلاپ قالار ؟ بىردىنلا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دائىم ئوقۇشتىن زارلىنىدىغانلىقى ، پاتراق مەكتەپ پۈتكۈزۈشنى ، تېزراق يۇرتىغا قايتىشنى خالايدىغانلىقى يادىمغا كەلدى . نېمىلا بولسۇن ، مېنىڭ تەلىيىم تېز ئىجابەت بولدى . ئۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق ۋە گاڭگىراش ئىچىدە ياشىغۇچە ، ئاتام بىلەن دېھقان بولغىنىم ياخشى ئەمەسمۇ . تۇرۇپلا ئۆيدىكىلەرنى بەك كۆرگۈم كەلدى ، ئاتام ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدە سۆس كۈلۈمسىرەپ مېنى قۇچاقلاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ، ئاستا ـ ئاستا خاتىرجەم بولدۇم .

ماشىنا بىر خىل رىتىمدا سىلكىنىپ ، ئادەمنى بۆشۈكتە ياتقاندەك ئەللەيلەيتتى . پۇللۇق بولسام ، چوقۇم ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋالىمەن . مېنى ئىنتايىن شېرىن ، ئىنتايىن راھەتلىك ئۇيقۇ ئۆز ئىلكىگە ئالماقتا ئىدى . ئۆمرۈمدە بۇنداق تاتلىق ئۇخلاپ باقمىغان ئىدىم . مەن ناھايىتى ئوچۇق چۈش كۆرۈپتىمەن ، چۈشۈمدە ھويلىمىزنىڭ كەينىدىكى سۆيى دائىم قاپقارا لاي تۇرىدىغان كۆل بويىدا كېپىنەك قوغلاپ يۈرگۈدەكمەن ، چوڭ بىر ئاق مۈشۈك كەينىمدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقۇدەك ....

# ئۆزۈك

بۇ ئىشلارنىڭ قاچان ، قەيەردە ، قانداق ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيمەن . ئېھتىمال بۇ ۋەقەلەرنى چۈشۈمدە كۆرگەن بولسام كېرەك .

تۆت - بەش ئاغىنەم بىلەن ئالدىراش كېتىۋاتاتتىم . بىز ماڭغان يول شېغىللىق بولۇپ ، يولنىڭ بىر تەرىپى ئېتىزلىق ، يەنە بىر تەرىپى دەرەخزارلىق ئىدى . مەن دوستلىرىمنىڭ كەينىدىرەك كېتىۋاتاتتىم ، شۇ ئەسنادا يول بويىدا ئۈچ يىگىتنىڭ بىر ياشنى بوزەك قىلىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . ئادەتتە جېدەل - ماجىرادىن ناھايىتى قورقىدىغان بولساممۇ ، بۇ قېتىم بەلكىم ۋارقىرىساملا دوستلىرىم كېلىپ ياردەم بېرىدىغۇ دەپ ئويلىغان بولسام كېرەك ، بىردىنلا ۋىجدانىم قايناپ قالدى - دە ، ئۇ-رۇشۇۋاتقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ :

— ئاغىنىلەر ، ئۈچىڭلار بىرلىشىپ بىر ئادەمنى بوزەك قىلغىنىڭلار نېمىسى ، — دېدىم . ھېلىقى ئۈچەيلەن دەرھال مەن تەرەپكە بۇرۇلدى ، ئۇلارنىڭ بىرى سوغۇق كۈلگىنىچە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ :

— ھە ، دۈمبەڭ قىچىشىپ قالغان ئوخشىمامدۇ ، — دېدى . شۇ ئارىدا ھېلىقى تاياق يەۋاتقان يىگىت غىپپىدە تىكىۋەتتى . مەن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ ، دوستلىرىم كەتكەن تەرەپكە بويۇنداپ قارىدىم ، ئۇلار ئاللىقاچان ئۇزاپ كەتكەن بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈن-مىدى . ئاڭغىچە ھېلىقىلار يەڭلىرىنى شمايلاپ ئالدىمغا كەلدى . يۈرىكىم

ئاغزىمغا تىقلدى ، سۆزلەش ماھارىتىمگە تايىنىپ بۇ پالاكەتتىن قۇتۇلۇش-تىن باشقا ئامال يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم .

— مەن دېمەكچى ، — دەپ سۆز باشلىدىمەن ھولۇقۇۋاتقانلىقىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ، — ھەممىمىز ئۇيغۇر تۇرۇپ ئەتىدىن كەچكىچە جاڭجاللىشىپ نېمە قىلىمىز ، ئارىمىزدا تالاشقۇدەك نېمە بار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ ئادەمنىڭ بىر ئادەمنى ئۇرۇشى ئەركەكچىلىككىمۇ توغرا كەلمەيدۇ ...

— سەن ھەقىقىي ئەركەك ئوخشىمامسەن ، — ئارىدىكى ئېگىز بوي بىرى سۆزۈمنىڭ بېلىگە تەپتى ، — ئۇنداقتا كېلە ، بىرگە بىر تۇتۇشۇپ باقايلى . ئۇ شۇنداق دېگەچ مېنى قىستاپ كەلدى . مەن خاتا سۆزلەپ قويغانلىقىمنى ھېس قىلىپ ، تىترىگىنىمچە كەينىمگە چېكىنىپ ، ۋايىزلىقىمنى داۋاملاشتۇردۇم :

— ھەي ئاغىنىلەر ، ئۇرۇشقاندىن زادى نېمە پايدا چىقىدۇ ، بىكاردىن - بىكار جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زەخىملىنىمىز ، سىلەر ئۇرۇۋالساڭلارمۇ بەرىبىر خۇش بولالمايسىلەر ، چۈنكى سىلەرمۇ ھېسسىياتلىق ، غۇرۇرلۇق ئادەم . نېمىلا دېگەن بىلەن بىز قېرىنداش تۇرساق ... — ئۇلارنىڭ سۆزلىرىمدىن تەسىرلىنىپ ئىككىلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم -دە ، تېخىمۇ قىزىپ سۆزلەشكە باشلىدىم ، سۆزلىرىمدىن ئۆزۈممۇ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتىم ، — سىلەر « ئۇيغۇر » دېگەننىڭ مەنىسىنى بىلەمسىلەر ؟ « ئۇيغۇر » دېگەن سۆز « ئۇيۇشماق ، ئىتتىپاقلاشماق » دېگەنلىك بولىدۇ . بىز ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشۇپ ، نى - نى يۇرتلارنى بويسۇندۇرۇپ ، دۇنيانى تاڭ قالدۇرغان ئىدۇق . ھازىرچۇ ؟ ھەدەپ بىر - بىرىمىزنى پۇتلىشىپ ، بىر - بىرىمىزگە ئورا كولاپ ، تەرەققىي قىلالماي مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ كەينىدىكى مىللەتكە ئايلىنىپ قالدۇق . ئويلاپ باقايلى ئاغىنىلەر ، دۇنيا نەدە ، بىز نەدە ؟ بىز نېمىشقا ئىلىم ئۆگىنىش ، ئەخلاقىمىزنى ياخشىلاش ، يېڭى نەرسە ئىجاد قىلىش ، مىللىتىمىزنى روناق تاپتۇرۇش جەھەتتە بەسلەش-

مەيمىز ، مۇسابىقىلەشمەيمىز ؟ مۇشۇ قەھرىمىزنى ، شىجائىتىمىزنى ، قاپ يۈرەكلىكىمىزنى شۇنداق جايلارغا ئىشلەتمەيمىز ... — قاتتىق ھاياجاندىن دېمىم كېسىلىپ توختاپ قالدىم . ئۇلار مەن ئاتقان « زەھەر يالىتىلغان ئوق »تىن تەسلىم بولۇپ ، تامامەن پەس كويغا چۈشكەن ئىدى . كەينىدە تۇرغان پاكار ، تەنھەرىكەتچىلەر كىيىمى كىيىۋالغان بىرى قالغان ئىككىسىگە :

— بۇ ئاداشنىڭ دېگەنلىرى راست جۇمۇ ئاغىنىلەر ، بۇ خېلى بىلىملىك ئاداشكەن ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قويايلى ، ئەمدى ئۇرۇشمايلى ، — دېدى . ئالدىمغا دېۋەيلەپ كەلگەن ئېگىز بويلۇقمۇ پەيلىدىن يېنىپ ، مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەچ :

— بايىقى ئىشلاردىن خاپا بولما ئاغىنە ، بىزمۇ خېلى غەرەز ئۇقىدىغانلار ، — دېدى .

بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ « بىلىم »ىدىن پەخىرلىنىپ كەتتىم . كۆڭلۈمدە ئۇلارغا ئۆزۈمنى بەكرەك تونۇتۇش ، ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئىستىكى تۇغۇلدى . راست ئەمەسمۇ ؟ گېپىمنى مۇشىنچىلىك چۈشىنىپ ، قايىل بولۇش ئۈچۈنمۇ ئادەم كېرەكتە ! بۇ يىگىتلەر كۆزۈمگە بارغانچە ئىسسىق كۆرۈنۈپ ، دوستانىلىك بىلەن ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلدىم .

— بۇرادەرلەر ، « ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس » دېگەن گەپ بار . بۈگۈن ئوبدان ئۇچرىشىپ قالدۇق ، سىلەرمۇ ھەقىقەتەن ئوغلۇق يىگىتكەنسىلەر ، بىر جاينى تېپىپ بىردەم - يېرىمدەم مۇڭداشمامدۇق ، — دېدىم .

ئۇلارمۇ پىكرىمگە دەرھال قوشۇلدى ۋە مەھەللىنىڭ ئىچىدە بىر دۇكان بارلىقىنى ئېيتتى . بىز كەينىمىزگە يېنىپ مەھەللىگە قاراپ ماڭدۇق . مەھەللىدىكى يولنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاتار كەتكەن ئۆيلەر جايلاشقان ، تۆۋەن تەرىپى دەرەخزارلىق ئىكەن . بىز دەرەخلىككە كىرىپ خىلۋەت بىر جايدا ئولتۇردۇق . ئېگىز بويلۇق يىگىت يېنىدىكى ھەمراھىغا :

— ئۇدۇلىمىزدا توختى هاجى سەيپۇڭ دېگەن ئادەمنىڭ كىچىك دۇكىنى بار ، هاراق ، پىۋا ئېلىپ كەلگىن ، — دېدى .

ئۇ يىگىت كەتكەندىن كېيىن ، مەنمۇ ئاززاق بىرنەرسە سېتىۋېلىپ سورۇنغا قويسام ، ئۇلار ماڭا تېخىمۇ قايىل بولماسمۇ ؟ دەپ ئويلاپ ، ئىككى يىگىتكە : « ئۇياققا ئۆتۈپلا كېلەي » دەپ قويۇپ ، دەرەخلىكتىن چىقتىم . يولىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يوغان ، هەيۋەتلىك دەرۋازا هەم ئېتىك تۇراتتى . دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى قىڭغىر - قىيسىق قىلىپ « دۇكان » دېگەن خەت يېزىلغان كىچىك ئىشىكمۇ تاقاق ئىدى . ئىشىكنىڭ سەل نېرىسىدا يولغا قارىغان ، قىپقىزىل دۇخاۋا پەردە تارتىلغان چوڭ بىر دېرىزە تۇراتتى . مەن ئاستا بېرىپ دېرىزىنى چەكتىم ، دېرىزىنىڭ بىر قانىتى ئېچىلىپ ، بېشىغا بۆرتمە شال ياغلىق ئارتىۋالغان 35 ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بوي بىر چوكان ئالدىمدا پەيدا بولدى .

— بىرنەرسە سېتىۋالماقچىدىم .... — دېدىممەن دۇدۇقلاپ .

— ئىشىكلەر ئېتىك ، مۇشۇ دېرىزىدىنلا ئۆيگە كىرىڭ ، — دېدى چوكان مۇلايىملىق بىلەن . مەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىمىۇ ، ئاخىر ئايىغىمنى دېرىزىنىڭ تۈۋىگە سېلىپ قويۇپ ، دېرىزىگە چىقتىم ۋە دېرىزىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ دەسسەپ پەسكە چۈشتۈم . يەرگە ئوتقاشتەك گىلەملەر سېلىنغان ، تام يالاپ بىرنەچچە تىكىش ماشىنىسى قويۇلغان ، تىكىش ماشىنىلىرىنىڭ ئۈستىگە هەر خىل رەختلەر دۆۋىلەنگەن ئىدى . بۇلۇڭ تەرەپتە پەرەنجىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇزۇن كىيىم كىيىۋالغان زىلۇا بىر قىز تام تەرەپكە قاراپ بىرنېمىلەرنى قىلىۋاتاتتى . مەن چۈشكەن جايىمدىلا گىلەمنىڭ ئۈستىدە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇردۇم . نېرىقى ئۆيگە تۇتىشىدىغان ئىشىك ئوچۇق بولۇپ ، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا يۆلەپ قويۇلغان توكلاتقۇدىن ئوتتۇرا بوي ، كەكە ساقال ، ئاق كۆكلەكنىڭ ئۈستىگە قارا جىلىتكە ، بېشىغا شاپاق دوپپا كىيىۋالغان بىر كىشى بوتۇلكىلارنى جاراڭشىتىپ بىر-بىرلەپ ئېلىۋاتاتتى . توختى هاجى سەيپۇڭ دېگەن مۇشۇ كىشى بولسا

كېرەك ، دەپ ئويلىدىممەن ئېچىمدە . بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتكەن ھېلىقى چوكان كىرىپ كەلدى ۋە ماڭا :

— سىز ئالماقچى بولغان نەرسىلەرنى بىر دوستىڭىز ئالدى ئىشكتىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى ، — دېدى .

— ھە ، ئۇنداق بولسا بوپتۇ ، — دەپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىش ئۇچۇن دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدىم . تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئۇستىگە چىقاي دەپ تۇرۇشۇمغا ، تۇيۇقسىز باش - كۆزۈمنى ، قوللىرىمنى ھەر خىل يىپلار ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرماشقا باشلىدى ، مەن قانچە تىپىرلىغانسېرى يىپلار شۇنچە چىڭ چىرمىشاتتى ، مەن ھەدەپ قوللىرىمدىكى يىپلارنى ئۈزۈشكە تىرىشاتتىم ، چىشلەيتتىم . مېنىڭ يۇلقۇنۇشۇمغا ئەگىشىپ ھەرخىل يىپلار ئۇستۇمگە قاتمۇقات يۆگىشىپ ، مېنى مىدىرلىغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدى . شۇ ئارىدا ھېلىقى چوكان چاقىقانلىق بىلەن قايچىسىنى ئىشقا سېلىپ ، مېنى ئورىۋالغان يىپلارنى كارتىلدىتىپ كەسكىلى تۇردى . بولۇڭدىكى قىزمۇ دەرھال يېنىمغا كېلىپ ، قوللىرىمغا چىرمىشىپ ، بارماقلىرىمغا قاتمۇقات يۆگىشىۋالغان يىپلارنى ئەپچىللىك بىلەن كېسىۋەتتى . مەن ئاخىر يىپلاردىن قۇتۇلۇپ ، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ ، ھولۇققان ھالدا دېرىزىگە ياماشتىم . بىردىنلا كۆزۈم دېرىزىنىڭ ياغىچىنى تۇتۇپ تۇرغان قولۇمغا چۈشتى ، سول قولۇمنىڭ ئىككى بارمىقىدا يوپۇرماق شەكىللىك نەپىس ، چىرايلىق ئىككى تال ئالتۇن ئۈزۈك پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى . مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئاستا ئۆيگە يېنىپ چۈشتۈم ۋە كەينىمگە ئۆرۈلدۈم ، ئېگىز بوي چوكان ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى ، مەن سول قولۇمنى كۆتۈرۈپ ، بارماقلىرىمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— مەن ئۆيگە كىرگەندە قولۇمدا بۇ ئالتۇن ئۈزۈكلەر يوق ئىدى . بۇ ... — دېگىنىمچە توختاپ قالدىم . ئېگىز بوي چوكان بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك سۈس كۈلۈمسىرەپ ، يان تەرەپتە تۇرغان ھېلىقى قىزغا مەنىلىك قاراپ قويىدى . مەن شۇندىلا ھېلىدىن بېرى دىققەت قىلمىغان

قىزغا قارىدىم، ئۇستىگە پەرەنجىگە ئوخشاش ئۇزۇن كىيىم كىيىۋالغان، بېشىغىمۇ ئۇزۇن ياغلىق ئارتىۋالغان بۇ قىز ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا ئايانچلىق كۆزلىرىدە تىكىلدى. قىزنىڭ يۈزى تولۇن ئايغا ئوخشاش يۇپ-يۇمىلاق ھەم كىچىك، كۆزلىرىمۇ ئىنتايىن مېھرلىك ھەم كىچىك، بۇرنىمۇ ئېقىپ چۈشكەن شەبنەم تامچىسىدەك يارىشىملىق ھەم كىچىك، قۇلىقىمۇ گۈل ياپرىقىدەك يۇمران ھەم كىچىك، ئاغزىمۇ ئويماقتەك چىرايلىق ھەم كىچىك ئىدى. ھەممىلا ئەزاسى كىچىككىنە، ئەمما قاملاشقان بۇ قىزنىڭ چېھرى شۇنچىلىك سولغۇن ۋە قانسىز بولۇپ، كۆزلىرىدىن پۈتمەس - تۈگىمەس مۇڭ ۋە ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن يۈزلىرى، ئىلتىجا، ئۆتۈنۈش ئىلكىدە مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى يۈرەكنى ئېزەتتى. ئۇنىڭ بويى شۇنچىلىك زىلۋا، قاملاشقان ئىدىيۇ، لېكىن مەيدىسى تاختىدەك تۈپتۈز، رەندە سىلىقۋەتكەندەك تەكشى ئىدى. مەن قىزغا بىرھازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋەتتىم - دە، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا دېرىزىگە چىقىپ، يولغا چۈشتۈم. ئايىغىمنى كىيگەندىن كېيىن قولۇمدىكى ئۇزۇكلەرگە تىكىلگىنىمچە خۇرسىنىپ ئويغا چۆكتۈم: قانداق قىلسام بولار؟ قىزغا ھامىي بولاي دېسەم، ئۆيدە خوتۇنۇم ۋە بالام بار. ئۇنى مۇشۇنداقلا تاشلىۋېتەي دېسەم، بىچارە قىزنىڭ تۇرقى ... مەن مەۋھۇم يولنىڭ ئۇستىدە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدىم.

بۇ ئىشلارنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيمەن. بەلكىم بۇ ۋەقەلەرنى چۈشۈمدە كۆرگەن بولسام كېرەك.



# توغراققا ئايلانغان ئادەملەر

پايانسىز كەتكەن چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاۋات، باياشات، مە-مۇرچىلىققا تولغان بىر يۇرت بار ئىدى. بۇ يۇرتنىڭ ھەممىلا جايىدا تارام - تارام ئېقىنلارنى ھاسىل قىلغان بۇلاقلارنى كۆرگىلى بولاتتى، بۇلاق سۈيىنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقىنى، قەيەرگە سىڭىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ يۇرت بۈك - باراقسان ئورمان، ئېكىنزارلىق بىلەن ئورالغان بولغاچقا، ھەرتەرەپتىن بۇلبۇللارنىڭ شوخ ناۋالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقنىڭ مەركىزىدە خۇددى مۆجىزىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ يۇرتنىڭ يىراق قىرلىرى كېچىسى بوران ھۇۋلاپ تۇرىدىغان، كۈندۈزى پىژ - پىژ ئىسسىقنىڭ دەستىدىن ئۇچار قۇشلارمۇ كاۋاپ بولۇپ قالىدىغان مۇدھىش، چېكى يوق چۆللۈك ئىدى. تەلۋە بورانلار، دوزاخنىڭ ئوتىدەك كۆيدۈرگۈچ ئىسسىقلار خۇددى جادۇ قىلىنغاندەكلا، بۇ يۇرتنىڭ چېگرىسىدا ئۆز كۈ-چىنى يوقىتاتتى. گويا رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك، بىر تەرەپتە ئورمانلار ياشىرىپ، سۇلار شارقىراپ، بۇلبۇللار ناۋا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتە قۇملار كۆچۈپ، ئالۋۇنلار جىمىرلاپ، دوزاخ ئوتىنىڭ يالقۇنى لاۋۇلدايتتى. بۇ يۇرتنىڭ خەلقى بۇ خىل مۆجىزىگە زادىلا قىزىقمايتتى، خۇددى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك، قىلچە ھەيران قالمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان زېمىننىڭ تارىخىنى ئازراقمۇ بىلمىگىنىدەك، كەلگۈسى ھەققىدىمۇ قىلچە ئويلانمايتتى. ئۇلار ئەلمساقتىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ تۇپراق

ئۇلارنىڭ مۇقەددەس قىبلىگاھى بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردىن بىر قەدەممۇ سىرتقا چىقمايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پۈتكۈل ئالەمدىكى يۇرت مۇشۇ بوستانلىقلا ئىدى، جاھاننى پايانسىز قۇم دېڭىزى ئوراپ تۇراتتى، قۇملۇق ھالاكەتتىن دېرەك بېرەتتى، قۇملۇققا قەدەم بېسىش ئاسىيلىقتىن نىشان ئىدى. ئۇلار قۇملۇقنىڭ نېرىسىدا نېمە باردۇر دېگەننى ئويلىمايتتى ھەم قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قەدەم بېسىش خىيالىدىمۇ بولمايتتى.

بۇ يۇرتنىڭ كىشىلىرى 200 — 300 يىل ياشايتتى. بۇ يەردە نە پادىشاھ، نە پۇقرا، نە دۆلەت، نە ھاكىمىيەت دېگەن ئۇقۇملار يوق، ھەممە كىشى ئۆزى بەگ، ئۆزى خان، ئۆزىگە ئۆزى خوجا ئىدى. بۇ يەردە ھېچكىم ھېچكىمنى باشقۇرمايتتى، ھېچكىم ھېچكىمگە بويسۇنمايتتى، ھېچكىم ھېچكىمدىن ئۈستۈنلۈك تالاشمايتتى. قىسقىسى، بۇ يەر ئەركىن - ئازادە، ھېچقانداق تۈزۈم، سىياسەت بولمىغان جەمئىيەت ئىدى. ھەممە كىشى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئېلىپ ئىناق، ئىتتىپاق، باراۋەر ياشايتتى. ئەرلەر پايانسىز ئېكىنزارلىقلاردا ئىشلەيتتى، ئۇلاغ باقاتتى، ئورمانلارنى پەرۋىش قىلاتتى ۋە كېسەتتى. ياغاچچىلىق، موزدوزلۇق، تامچىلىق، نەققاشلىق قاتارلىق ھۈنەر - كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىپتىدائىي كانلاردا مېتال تاۋلايتتى. ئاياللار ئەجدادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈپ، قولدىن قولغا ئۆتۈپ، ئۆچمەي كېلىۋاتقان مۇقەددەس چوغلىرىدا تاماق ئېتەتتى، توقۇمىچىلىق ۋە ھەر خىل قول - ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەلۋەتتە بۇ يەردە مەدەنىيەت، تەرەققىيات، توك، مەكتەپ دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كىشىلەر بالدۇر يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ ئەمگەك، مېھنەت بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈزەتتى. ئۆزلىرى تىكىۋالغان يىرىك، ئەمما پۇختا كىيىملەرنى كىيەتتى. ئات - ئۇلاغلارنى قاتناش، ئىشلەپچىقىرىش قورالى، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان خام ۋە پىشۇرۇلغان مەھسۇلاتلارنى ئوزۇقلۇق قىلاتتى. بالىلار بوۋىلىرىدىن ئاجايىپ - غارايىپ رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ، تال چىۋىقنى ئات قىلىپ ئويناپ چوڭ بولاتتى. بۇ ئەل

كىشىلىرى شۇنچىلىك ساغلام، بەختىيار، شاد - خۇرام ئىدىكى، ئۇلار كېسەللىك ئازابىنىڭ، باي، كەمبەغەللىكنىڭ، ئەخلاقسىزلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. بىر - بىرىدىن قىزغانمايتتى. ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئېكىنزارلىقى، نېسىۋىسى بار ئىدى. بۇ يەردە ئوغرىلىق، زىناخورلۇق، تەمەخورلۇق، شارابخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق دېگەندەك ئىللەتلەر يوق ئىدى. ھېچكىم بىر - بىرىنىڭ بەختىگە، مېلىغا، خوتۇنىغا كۆز قىزارتمايتتى.

بۇ يۇرتنىڭ كىشىلىرى تېرىقچىلىقنىڭ ئارىسال مەزگىللىرىدە كۈنلىرىنى ھەر خىل مەشرەپ، باغ سەيلىسى، گۈلخان سەيلىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، توخۇ، قوشقار سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق كۈنلەردە يۇرتنىڭ ھەممە يېرىدە گۈلخانلار يېقىلىپ، داش قازانلار ئېسىلىپ، نەچچە ئونلىغان قويلار سويۇلۇپ، ناخشا - سازلارنىڭ ناۋاسى، بوۋاي - مومايلار، قىز - يىگىتلەرنىڭ خۇشال كۈلكىلىرى پەلەكنى قۇچاتتى. ئاتلار بەيگىگە چۈشۈپ قۇملۇقنىڭ قىرغىقىغىچە باراتتى. قىز - يىگىتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پىنھانلاردا يۈرەك سىرلىرىنى ئېيتىشاتتى. بۇ يۇرتنىڭ تويلىرىمۇ ئالاھىدە قىزىپ كېتەتتى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان يۇرت ئىچىدە ئۆزئارا تويلىشىپ كېلىۋاتقان خەلق بىر - بىرىگە ئىرماش - چىرماش تۇغقان بولۇپ كەتكەن ئىدى. يۇرت ئەھلى توي ئىگىلىرىنى پەتىلەپ بولغۇچە نەچچە ئايلاپ ۋاقىت كېتەتتى. كېچىلىك بەزمىلەر تاڭ ئاتقۇچە ئۈزۈلمەيتتى. يېرىم يالىڭاچ، بەستى، چىراي - تۇرقىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان پالۋان يىگىتلەر گۈلخان ئەتراپىدا كەسكىن، چەبدەس ھەرىكەتلەر بىلەن رىتىملىق ئۇسسۇل ئوينايتتى. جامالى قوشكېزەك ئاچا - سىڭىللارنىڭكىدەك ئوپئوخشاش، زىلۋا، پاك، بىغۇبار، گۈزەل قىزلار لەرزان دەسسەپ ئۇلارغا جور بولاتتى. بۇ يۇرتتىكى ئوخشاش پاسوندا سېلىنغان ئۆيلەر، رەتلىك ئېلىنغان كوچىلار مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قېرى چىنار دەرىخىنى

مەركەز قىلىپ ، قوياشتىن چېچىلغان نۇرغا ئوخشاش ھەر تەرەپلەرگە تارىلىپ ، تاكى قومۇلقا قەدەر تۇتىشاتتى . ياغاچتىن ئاستى - ئۈستى پېشايۋانلىق قىلىپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھويلىسىدا رەڭدار گۈللەر ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان گۈللۈكلەر كەينىدە ياپيېشىل كۆكتاتلىقلار بار ئىدى . ئۆي - ئۆيلەردە دۇتار ، تەمبۇر ، ناخشا - ساز ، كۈلكە - چاقچاقلارنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەيتتى . يۇرتنىڭ مەركىزىدىكى قېرى چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىدا سالقىن ياز ئاخشاملىرى ، ئاپتىپى خۇشياقىدىغان قىشنىڭ چۇش ۋاقىتلىرى سۆھبەتلەر قۇرۇلۇپ ، پاراڭ قىزىپ كېتەتتى .

ناھايەتكى ، ھېچقانداق ۋاقىت ھېسابلانمايدىغان بۇ يۇرتنىڭ مەلۇم يىل ، مەلۇم ئاي ، مەلۇم كۈنىدە بوۋايلار قېرى چىنار دەرىخىنىڭ سايىسىدا گۇڭگۇر - مۇڭگۇر مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشاتتى . تۇيۇقسىز دەسلەپتە غوڭغۇلدىغان ، كېيىن « دۈت - دۈت » قىلغان ، بۇ يۇرت خەلقى ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان ياڭراق بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ، كوچىنىڭ نېرىقى بېشىدىن تۆت پۇتى غىرىلداپ ئايلىنىپ ئاجايىپ تېز ماڭىدىغان ، ئالدىدا ئىككى « كۆزى » پارقىراپ تۇرىدىغان ، « قورسىقى »دىكى ئورۇندۇقتا غەلىتە كىيىنگەن بىر ئادەم ئولتۇرۇپ ، يۇملاق بىر نەرسىنى ئۇياق - بۇياققا ئايلاندۇرغان پېتى كىرىپ كەلدى . دەل شۇ مىنۇتلاردا بۇ «مەخلۇق »نى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ چىرايى ۋە ھەرىكىتىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۆزگىرىش بولدى : ھويلىلىرىدا ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئاياللار قورقىنىدىن جايىدىلا ئولتۇرۇپ قېلىشتى ؛ كوچىدىكى باللار كۈشەندىسىدىن ئۈركۈگەن توشقاندەك چاققانلىق بىلەن ئۆزلىرىنى ھويلىلىرىغا ئېتىشتى ؛ يىگىتلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى ؛ بوۋايلار چىشسىز ئېغىزلىرىنى ئاچقىنىچە ئەس - ھوشىنى يوقاتتى . ھېلىقى غەلىتە « مەخلۇق » غىرىلداپ مېڭىپ چىنار تۈۋىدە غارتىلداپ توختىغىنىدا ، قېچىپ كېتەلمەي قالغان بىرنەچچە بوۋاي كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، غال - غال تىترىگىنىچە تەسۋىلىرىنى چىڭ سىقىمداپ نېمىلەرنىدۇر ئوقۇشقا باشلىدى . ھېلىقى

«مەخلۇق »تىن كۆزىگە يۇملاق ۋە قاپقارا بىرنەرسىنى تاقىۋالغان ، بېشىغا چىلاپچىغا ئوخشايدىغان بىرنېمىنى كىيىۋالغان بىر ئادەم چۈشۈپ ، كۆزىدىكى قاپقارا نەرسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى ۋە بېشىدىكى « چىلاپچا »نى قولىغا ئېلىپ ، بوۋايلارغا قاراپ دوستانە ھېسسىياتتا سالام بەرگەندەك ھەرىكەتنى قىلدى ، ئاندىن كالدىرلاپ بىرنەرسىلەرنى دېدى . بوۋايلار كۆزىنى ئېچىپ ، غەلىتە كىيىنگەن ئادەمنىڭ ئۆزلىرىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن ، ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدە « ھومىيىپ » تۇرغان يوغان «مەخلۇق » قا قورقۇنچ بىلەن قاراپ قويدى - دە ، كەشلىرىنى كىيىشنىمۇ ئۇنتۇپ ، پەشلىرىگە پۇتلىشىپ كۆزدىن غايىب بولدى . ھېلىقى ئادەم ھەيران بولغاندەك ئەتراپقا قارىدى ، كوچىلاردا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى . بۇ ئادەم « مەخلۇق »قا چىقىپ غوكۇلداپ ئاۋاز چىقارغىنىچە كوچىلارنى بىرەر قۇر ئايلاندى - دە ، كەلگەن يولى بىلەن كېتىپ قالدى . شۇ كۈنى كەچ كىرىپ تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر ھېچكىم سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئەتىسى سەھەردە ئىشىكلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن ، ئەنجان تاملارنىڭ كەينىدىن باشلار كۆرۈنۈپ ، ئەرلەر بىرلەپ ، ئىككىلەپ ، بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ چىنار تۈۋىگە يىغىلىشتى . بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇ يەر ۋاراڭ - چۇرۇڭ ، تالاش - تارتىش دەستىدىن قايناۋاتقان قازانغا ئوخشاپ قالدى : « ئۇ زادى كىم ، ئىنسانمۇ ياكى ئالۋاستىمۇ؟ ھېلىقى مەخلۇق قانداق نەرسە ؟ ئۇلار زادى قەيەردىن ، نېمە مەقسەتتە كەلگەن ؟» تالاش - تارتىشنىڭ تېمىسى مۇشۇ ئىدى . ئاخىرىدا نەچچە يۈز ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئېگىز ، قاتاڭغۇر ، ئاپئاق ساقاللىق يۇرت بېشى ئەتىدىن باشلاپ بارلىق يىگىتلەر ئوقيا ، قىلىچ ، نەيزىلەر بىلەن قوراللىنىپ ھويلىلاردا ، تاملارنىڭ كەينىدە مۇداپىئەدە تۇرۇش ؛ قېرىلار ، ئاياللار ، بالىلار ۋاقتىنچە سىرتقا چىقماسلىق ؛ ھېلىقى غەلىتە ئادەم دۈشمەنلىك غەرىزىدە بولسا دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتۈش ، بولمىسا ئۇنىڭغا چېقىلماسلىقنى جاكارلىدى . خاتىرجەملىكى ، تۇرمۇش رىتىمى ، روھىي تىنچلىقى بۇزۇلغان جامائەت

تەشۋىش ئىلكىدە ئۆيلىرىگە قايتىپ، ئەتىدىكى جەڭگە تەييارلىق قىلىشتى.

ئەتىسى ئوخشاش ۋاقىتتا يۇرتنىڭ بېشىدىن ئاۋۋال غوڭۇلدىغان، ئاندىن «دۈت - دۈت» قىلغان ھەيۋەتلىك ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ھېلىقى غەلىتە «مەخلۇق» مەھەللىگە كىرىپ كەلدى ۋە چىنارنىڭ تۈۋىدە توختىدى. ئۇ ئادەم غەلىتە «مەخلۇق»تىن چۈشۈپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. بۈگۈن ئۇ ئاغزىغا كىچىك نەيچىسىمان بىر نەرسىنى چىشلىۋالغان بولۇپ، ئاغزىدىكى ئۇ نەرسىنى پات - پات شوراپ، ئىسنى پۈۋلەپ قوياتتى. كوچىلار بوش ۋە جىمجىت بولۇپ، ئىنس - جىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، تاملارنىڭ ئارقىسىدا، دالدىلاردا نەچچە يۈزلىگەن كۆز بۇ ئادەمگە ھوشيارلىق بىلەن تىكىلىپ، ئوقيالار بەتلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئادەم ئۇيان - بۇيان مېڭىپ ھويلىلارغا، ئۆيلەرگە بويۇنداپ قاراپ قويدى. بىر نەرسىلەرنى كالدىرلاپ ۋارقىراپ، ئۆيلەرگە قاراپ بىر كىمنى چاقىرغاندەك قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى. ھېچقانداق ئىنكاس بولمىغاندىن كېيىن ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ھېلىقى «مەخلۇق» تەرەپكە قاراپ ماڭدىيۇ يەنە توختاپ، ئاغزىدىكى ئىس چىقىۋاتقان نەيچىسىمان نەرسىنى يەرگە تاشلاپ دەسسىۋەتتى، ئاندىن يانچۇقىدىن كىچىك، تۆت چاسا نەرسىنى چىقىرىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. قارىغاندا ئۇ بۇ ھەرىكەتلىرىنى باشقىلار كۆرسۇن دەۋەتقاندەك قىلاتتى. ئۇ قولىدىكى نەرسىنى بارمىقى بىلەن بېسىۋىدى، شۇئان كىچىككىنە ئوت پەيدا بولۇپ پىلىلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. مۆكۈنۈپ تۇرغان يىگىتلەر چۆچۈپ، بۇنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي، قوراللىرىنى بەتلەشتى. ھېلىقى كىشى قولىدىكى نەرسىنى بىر نەچچە قېتىم بېسىپ ئوت ياندۇرۇپ - ئۆچۈرۈپ، يەردىن بىر تال شېشقىنى ئېلىپ ھېلىقى نەرسىدىن ئوت تۇتاشتۇرۇپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇ نەرسىنى چىنارنىڭ تۈۋىگە ئاستا قويۇپ قويۇپ، «مەخلۇق»قا چىقىپلا غوڭۇلداپ كېتىپ قالدى. بۇ قېتىم يىگىتلەر يۈرەكلىك بىلەن دالدىدىن چىقىپ چى-

نارنىڭ تۈۋىگە كېلىشتى ، لېكىن يەردە تۇرغان ھېلىقى تۆت چاسا ، كىچىك نەرسىگە يېقىنلىشالماي ، ئۇنىڭغا يىراقتىن قاراپ بىرھازا تۇرۇپ قېلىشتى . شۇ ئارىدا يۇرەكلىكرەك بىرى ئاستا - ئاستا سۇرۇلۇپ چىنارنىڭ ئاستىغا كېلىپ ، ئۇ نەرسىنى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئالدى ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈشتى . بۇ نەرسە زادى نېمىدۇ ؟ ئارىدا بىرى ھېلىقى كىشىنى دوراپ ئۇ نەرسىنىڭ باش تەرىپىنى بېسىۋىدى ، « چارس » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك لاپپىدە ئوت يانىدى ، بۇ كىشى قورققىنىدىن ھېلىقى نەرسىنى ئىختىيارسىز يەرگە تاشلىۋەتتى ، باشقىلارمۇ ۋارقىراپ بىرنەچچە قەدەم كەينىگە داجىشتى ، لېكىن باشقىچە ئەھۋال كۆرۈلمىدى . ھېلىقى نەرسە يەردە جىمجىت تۇراتتى . ئۇلار يەنە يېقىنلاپ كېلىپ بۇ نەرسىنى ئالدى - دە ، ئاستا - ئاستا بېسىپ ئوت چىقىرىشقا كۆنۈۋالدى . ئەسلىدە بۇ ئوت تۇتاشتۇرىدىغان نەرسە ئىكەن - دە ! بۇ نەرسە بولسا كۇنلەپ ، ئايلاپ ، يىللاپ ، ئەسىرلەپ چوغ ساقلاشنىڭ ھاجىتى قالمايدىكەن - دە ! ئۇلار بۇ مۆجىزىگە ھاڭ - تاڭ قېلىشتى . بەزىلەر غەلىتە ئادەم شوراپ ئىس چىقىرىپ تاشلىۋەتكەن نەيچىسىمان نەرسىنى ئېلىپ پۇراپ ، تىلىغا تەگكۈزۈپ بېقىپ بېشىنى چايقاشتى . چىنارنىڭ ئاستى يەنە پورۇقلاپ تۇرغان قازانغا ئوخشاپ قالدى . كىشىلەر نۇرغۇن تالاش - تارتىش ئارقىلىق « بۇ ئادەم بىزگە دۈشمەنلىك قىلمايدىغان ئوخشايدۇ ، ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن دوستانىلىك چىقىپ تۇرىدۇ ، ھەتتا ئۇ بىزگە ئوت ئەكېلىپ بەردى » دەپ ھېسابلاشتى . يۇرت بېشى ئاخىر ھۆكۈم چىقىرىپ : «ئەتە بۇ كىشى يەنە كەلسە كۆرۈشۈپ باقايلى ، لېكىن يەنىلا ئېھتىياتچان بولۇپ ، ھوشيار تۇرايلى » دېدى ۋە ھېلىقى ئوت ياندۇرىدىغان نەرسىنى ئېلىپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى ، باشقىلارمۇ تارقاشتى .

ئەتىسى يەنە شۇ ۋاقىتتا مەھەللىنىڭ بېشىدىن ئاۋۋال غوكۇلدىغان ، كېيىن « دۈت - دۈت » قىلغان ھەيۋەتلىك ئاۋاز ئاڭلىنىپ ، ھېلىقى غەلىتە « مەخلۇق » مەھەللىگە كىرىپ كەلدى ۋە چىنار تۈۋىدە توختىدى .

كوچىلار يەنىلا ئادەمسىز ، جىمجىت بولۇپ ، ئەتراپتا نەچچە يۈزلىگەن كۆز بۇ ئادەمنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى . ھېلىقى ئادەم ئالدىنقى كۈنلەردىكىگە ئوخشاشلا ئاستا مېڭىپ كوچىلارنى ئارىلىدى ، تاملارنىڭ ئۈستىدىن ھويلىلارغا قاراپ باقتى ، چىنار تۈۋىگە قايتىپ كېلىپ كالدىرلاپ ۋارقىراپ ، قوللىرىنى بىر كىمنى چاقىرغاندەك ھەرىكەتلەندۈردى . ھېچقاندەك ئىنكاس بولمىغاندىن كېيىن ئۈمىدسىزلەنگەندەك ھالەتتە مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ ، غەلىتە « مەخلۇق » نىڭ يېنىغا كەلدى ۋە « مەخلۇق » نىڭ « قورسىقى » غا ئېگىشىپ ، ئىچىدە قىپقىزىل سۇيۇقلۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ، قاپاققا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىرنەرسىنى ، يەنە كىچىك ھېجىرغا ئوخشايدىغان ، لېكىن ئىنچىكە پۇتى بار ، سۈپسۈزۈك بىرنەرسىنى ئېلىپ چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى . ئۇ كىشى ھېلىقى « قاپاق » نىڭ ئاغزىنى چىشلەپ ئېچىپ ، ئۇنىڭدىكى قىپقىزىل سۇيۇقلۇقنى كىچىك « ھېجىر » غا قۇيۇپ ئالدىرىماي ئىچىشكە باشلىدى . قارىغاندا بۇ كىشى بۇ يەردىن ھازىرچە كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . پىنھان جايلاردا مۆكۈنۈپ تۇرغانلار تاقەتسىزلىنىپ : « بىزنى ئاتا - بوۋىمىز ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان ، كۈندە مۇشۇنداق ۋەھىمە ئىچىدە ياشايمىزمۇ ؟ يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم . ئادەمنى دەم تارتىدىغان يالماۋۇز بولسىمۇ ، بىر ئېلىشىپ باقمايمىزمۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ غەلىتە ئادەمنىڭ دۈشمەنلىك غەرىزى باردەك قىلمايدۇ » دېيىشتى . ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ ئاخىر بۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ باقماقچى بولۇشتى . شۇنداق قىلىپ ، بىر خەۋەرچىنىڭ تاملاردىن ئارتىلىپ ، سۆڭگۈچلەردىن ئۆتۈپ خەۋەر يەتكۈزۈشى بىلەن مۆكۈنۈپ تۇرغانلار ھەممە تەرەپتىن تەڭلا چىقىپ چىنار تۈۋىگە — ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا يىغىلماقچى بولدى . ھېلىقى ئادەم قولىدىكى سۇيۇقلۇقنى غۇرتتىدە ئىچىۋېتىپ بېشىنى كۆتۈردى - دە ، ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆردى: ئېگىز بوي ، بەستلىك ، ساقال - بۇرۇتلۇق ، چىرايلىرى ، بەدەن قۇرۇلۇشى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ، ئۈستىگە بىر خىل ماتا كىيىملەرنى ، پۇتىغا ھەر خىل چورۇقلارنى ، بېشىغا ئېگىز بۆكلەرنى

كىيىۋالغان، مەيدىسىدە قاپقارا تۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇرغان، قوللىرىدا نەيزە، قىلىچ، ئوقيا تۇتقان كىشىلەر بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن خەۋپسىرەش، ئەنسىرەش، ئىككىلىنىش، يەنە جەسۇرلۇق، تەۋەككۈلچىلىك، قورقۇمسىزلىق ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى. ھېلىقى ئادەم ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى ۋە قولىدىكى نەرسىلەرنى يەرگە قويۇپ، خۇشال بولغاندەك قىياپەتتە ئىككى ئالقىنىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ، قايتا ـ قايتا ئاۋاز چىقاردى. يۇرت ئەھلى بۇ ئادەمنىڭ ئەتراپىدا چەمبەر ھاسىل قىلىپ توپلاندى. ئۇ ئادەم جامائەتكە دوستلارچە كۈلۈمسىرەپ، ھەربىر كىشىنىڭ ئوڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىما ـ ئىشارەت، كالدىرلاپ «سۆزلىشىش» باشلىنىپ كەتتى. بۇ يۇرتتىكىلەر ئالدى بىلەن ھېلىقى غەلىتە «مەخلۇق»نىڭ نېمىلىكىنى سوراشتى. بۇ ئادەم قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، كىشىلەرنى غەلىتە «مەخلۇق» نىڭ يېنىغا سۆرەپ كېلىپ بىرنەرسىلەرنى دەپ كالدىرلىدى، غەلىتە «مەخلۇق»نىڭ «بېشى» غا ئۇرۇپ، قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى، غەلىتە «مەخلۇق»نى ئۇياق - بۇياققا ماڭدۇرۇپ، كۆپچىلىككە بۇ نەرسىنىڭ جانسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. يۇرت ئەھلى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئانچە بىلەلمىگەن بولسىمۇ، بۇ «مەخلۇق»نىڭ ھېچقانداق خەتىرى يوقلۇقىنى، ئىگىسى ئىچىگە كىرگەندىلا ئۇنىڭغا جان كىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇ كىشى بېغىشىغا تاقىۋالغان يۇمىلاق بىرنەرسىگە قاراپ قويۇپ، چىنار تۈۋىدىن قاپاقسىمان بىرنەرسىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقنى تاۋاقسىمان بىرنەرسىگە قۇيدى ـ دە، ئاۋۋال ئۆزى تېتىپ بېقىپ، ئاندىن باشقىلارغا تەڭلىدى. باشتا ھېچكىم ئىچكىلى ئۇنىمىدى، بۇ كىشى رەنجىگەندەك بولۇپ سۇيۇقلۇقنى قايتا ـ قايتا ماختىغاندىن كېيىنلا، بىرنەچچە كىشى قولىغا ئېلىپ ئاستا پۇراپ باقتى، سۇيۇقلۇقتىن شېرىن، كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان بىر خىل پۇراق چىقىۋاتاتتى. بىرنەچچەيلەن تىلىنى تەگكۈزۈپ تېتىپ بېقىۋىدى، تەمى قاڭسىق، ئەمما

لەززەتلىك بىلىندى. ئۇلار سۈيۈقلۇقنى ئاز - ئازدىن ئىچىشتى. بىردەمدىن كېيىن روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك، كاللىسىدىكى تەشۋىشلىك خىياللار تارقاپ كەتكەندەك، ئۆزلىرىنى يېنىكلەپ، ھاياجانلىنىپ قالغاندەك، قانلىرى قىزىۋاتقاندەك ھېس قىلىشىپ، ئەتراپتىكىلەرگە بەسبەستە ماختاپ بەردى ۋە يەنە ئىچىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ھېلىقى كىشى دەرھال غەلىتە مەخلۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر ساندۇققا قاچىلانغان قاپاقسىمان نەرسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ھەممىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بەردى. كىشىلەر ئۆيلىرىدىن ياغاچ تاۋاقلارنى، ھېجىرلارنى ئېلىپ چىقىپ، قىپقىزىل سۈيۈقلۇقنى تالىشىپ ئىچىپ تۈگىتىشتى. ھېلىقى ئادەم ھەر خىل شەرەتلەر ئارقىلىق ئەتە تېخىمۇ ياخشى نەرسىلەرنى ئەكېلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، غەلىتە «مەخلۇق»قا چىقىپ غوڭۇلدىغىنىچە كېتىپ قالدى. شۇ ئاخشىمى بۇ مۆرۈۋۋەتلىك يۇرتتا ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر يۈز بەردى: ھېلىقى سۈيۈقلۇقنى ئىچكەن كىشىلەر ئۆزلىرىنى شۇ قەدەر ئەركىن، ھاۋادا ئۇچۇۋاتقاندەك ھۇزۇرلۇق ھېس قىلىشتىكى، ئۇلار موللاق ئاتاتتى، ۋارقىرىشاتتى، سەكرىشەتتى. بەزىلىرى قانلىرى قىزىپ كىملەر بىلەندۇر مۇشتلىشاتتى... ئەركەكلەر تۇنجى قېتىم باشقىلارنىڭ خوتۇنلىرىغا ئوغرىلىقچە كۆز تاشلاشتى ۋە باشقا ئاياللارنىڭ ئۆز خوتۇنىدىن چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى، تۇنجى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى باشقىلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇشتى، تۇنجى قېتىم ئۆز قوۋمدىكىلەر بىلەن مۇشتلاشتى، تۇنجى قېتىم ئەنئەنىۋى ئەخلاقنى بۇزۇپ رەسۋايىئالەم بولۇشتى ۋە ئەتىگىنى تۇنجى قېتىم ئورۇنلىرىدىن ئىنتايىن ۋاقچە تۇرۇشتى.

ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن سالپايغان، باشلىرى ئاغرىپ تۇرغان ئەركەكلەر بىرلەپ، ئىككىلەپ چىنار تۈۋىگە يىغىلىشتى ۋە بىر - بىرىنىڭ چىرايىغا قارىيالماي، ئاخشام نېمە ئىشلارنى قىلىپ قويغانلىقىنى ئەسلەشتى. بىراق، ھەممىسىلا ھېلىقى سۈيۈقلۇقنىڭ ئىنتايىن شېرىن، ئادەمنى ئاجايىپ ھۇزۇرغا باشلىغۇچى سېھرىي كۈچىنى ئاغزى ئاغزىغا

تەگمەي ماختاپ كېتىشتى ، گاللىرى قىچىشىپ يەنە ئىچىش ئىستىكىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەشتى . تونۇگۇن كەچتىكى ھالەتلەرنى كۆرگەن مويسىپىتلار قانداقتۇر بىر خەۋپنىڭ بۇ يۇرتقا باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ، ھېلىقى ئادەمنىڭ بۇ يۇرتقا ياخشىلىقتىن كۆرە ، يامانلىق ئېلىپ كېلىش مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلىشىپ ، ياشلارغا بۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى كىشى كەلسە ئۇنى قوغلىۋېتىشنى ئېيتتى . بىراق ، بۇ چاغدا ئۇلار ئاللىقاچان كېچىككەن ئىدى . بۇ يۇرتنىڭ ئوتتۇرا ياش ، ياش ئەركەكلىرى ھېلىقى ئادەمگە شۇنچىلىك مەپتۇن بولغان ئىدىكى ، ئۇنى خۇددى بەخت ئاتا قىلغۇچى ئەۋلىيا دەپ ئويلاشماقتا ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار بۇگۇن قورساقلىرىغا بىر نەرسە يېيىشنىمۇ قايرىپ قويۇپ ، چىنار تۈۋىگە يى-غىلىپ ئۇ « ئەۋلىيا » نى كۈتۈپ تۇرۇشتى . ئوخشاش ۋاقىت ، ئوخشاش ئاۋاز ، ئوخشاش شەكىل بىلەن « ئەۋلىيا » چىنار تۈۋىگە كېلىپ توخ-تىدى . يۇرت ئەھلى دۈررىدە كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى ۋە ئۆزلىرىگە زادىلا ماس كەلمەيدىغان خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ئۇنىڭدىن تىنچلىق سوراشتى ، ھاياتىدا زادىلا زاھىر بولۇپ باقمىغان تەمەخورلۇق بىلەن غەلىتە « مەخلۇق »نىڭ « قورسىقى » غا قاراپ بېقىشتى . ئۇ ئادەم يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى . ئۇ ئالدى بىلەن تۆت چاسا ، نۇرغۇن كۇنۇپكىسى بار ، بۇ يۇرت خەلقىگە ئىنتايىن يوچۇن بولغان بىر-نەرسىنى ئالدى - دە ، كىشىلەرنىڭ سۆزلىشىنى شەرەتلىدى . توپلاشقان كىشىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ ، بۇ ئادەمدىن بەس - بەس بىلەن ھەر خىل سوئاللارنى سوراشتى . ئۇ ھېلىقى نەرسىنىڭ كۇنۇپكىلىرىنى توختىماي بېسىپ ، ئىچىدە بىرنەرسىلەرنى پىچىرلاشقا باشلىدى . ئۇ خېلى ئۇزاق ھەپىلەشتى ، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر قايتا - قايتا ھەجىلىدى . ئاندىن بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ، مۇشۇ خەلقنىڭ تىلىدا ناھايىتى راۋان سۆزلەشكە باشلىدى . ئەتراپتا تۇرغانلار ياقىلىرىنى چىشلىشىپ ، كۆزلىرىنى كاماردەك ئېچىپ تۇرۇپ قېلىشتى . شۇنىڭدىن كېيىن كەچ كىرگۇچە سۆھبەت داۋاملاشتى . ئۇ ئادەم بۇ يەردىن باشقا

جايلاردىمۇ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان ئادەملەرنىڭ ياشايدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ، ياشاش شارائىتىنى بۇ يەردىكىلەرنىڭ زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ شۇ يەردىن كەلگەنلىكىنى ، قولىدىكى بۇ كۇنۇپكىسى بار نەرسىنىڭ « كومپيۇتېر » دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ تىلىنى مۇشۇ نەرسە ئارقىلىق تەرجىمە قىلىپ ، ئېلىپبەسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ، سۆزلەشنى بىلىۋالغانلىقىنى ، ھېلىقى غەلىتە « مەخلۇق » نىڭ « ئاپتوموبىل » دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ، بېنزىننى يېقىلغۇ قىلىپ ماڭىدىغانلىقىنى ، بېنزىننىڭ يەر ئاستىدىن چىقىدىغانلىقىنى ، ئاخشام ئىچكەن سۇيۇقلۇقنىڭ « ھاراق » دېيىلىدىغانلىقىنى ، ئادەمنى خۇش كەيپ قىلىدىغانلىقىنى ، ئۇ قاچىلانغان نەرسىنىڭ «شىشە » دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ، چاقماقنى ، تاماكىنى ، كۆزەينەكنى ، كىيىملەرنى ، يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۈردى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ھەممىلا سۆز بۇ يەردىكىلەر ئۈچۈن يېڭىلىق ، يەنە كېلىپ تەسەۋۋۇر ھەم تەپەككۇردىن بەكلا يىراقتىكى يېڭىلىق ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئازراقمۇ چۈشەنمىدى ، بۇ كىشى نېمىدېسە باش لىڭشىتىپ ئولتۇرۇۋەردى . ئۇنىڭ دېگەن نۇرغۇن سۆزلىرى تەسەۋۋۇرلىرىغا سىغمىدى ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ، ئۇ دېگەن نەرسىلەرگە شۇنچىلىك قىزىقتىكى ، مۇمكىن بولسا شۇ نەرسىلەر بىلەن پاتراق ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىشتى . شۇنداق قىلىپ ، كەچ كىرگىنىنى تۇيماي قالغان بۇ كىشىلەر پۈتۈن بىر كۈننى ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاچ قورساق ئۆتكۈزۈۋەتتى . ھېرىپ چارچىغان ھېلىقى « ئەۋلىيا » مۇ ئەتە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇلارغا ئالغاچ كەلگەن نەچچە ساندۇق ھاراق ، تاماكا قاتارلىق نەرسىلەرنى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى . كەچتە بۇ يۇرتتا يەنە قىيامەت قايىم بولدى ...

ئەتىسى ھېلىقى « ئەۋلىيا » يەنە كەلدى ۋە چىنار ئاستىغا يىغىلغان چوڭ - كىچىك يۇرت ئەھلىگە نۇتۇق سۆزلەپ ، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغاندىن بۇيان ئىنسانىدەك ياشىمىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا قانداق ياشاشنى

ئۆگىتىدىغانلىقىنى ، مەدەنىيەت تارقىتىدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ مەۋھۇم ئۇقۇملارنى چۈشىنەلمەسلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئېلىپ كېلىشكە بولىدىغان نەرسىلەرنى سىرتتىن ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ، ياساشقا بولىدىغان نەرسىلەرنى مۇشۇ يەردە ياسايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە مەكتەپ ، تىل - يېزىق دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى . ئۇ بۇ قېتىم كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرىدىن شاھمات ، بىليارت ، قارتا قاتارلىقلارنى ئالغاچ كەلگەن ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ « ئەۋلىيا » بۇ يۇرتنىڭ دائىملىق ۋە ئەتىۋارلىق مېھمىنى بولۇپ قالدى . ئۇ ئەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا ئۈزۈمدىن ھاراق ياساش ، كەندىردىن نەشە ياساش ، سۇدىن توك چىقىرىش ، كىيىم - كېچەك تىكىش ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياخشىلاش ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ، ياشلار ، بالىلارغا تىل - يېزىق ئۆگىتىش قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇل بولدى . ھەر كۈنى بۇ يۇرتنىڭ ھەممىلا كوچىلىرىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ، غۇژمەكلىشىۋالغان كىشىلەر ، نەچچە مىڭ قېتىملاپ ھاڭ - تاڭ قېلىشقان ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قېلىشقان ھالەتلەر ، كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدىغان تاسادىپىي ۋەقەلەر ، كۈلكە - چاقچاق ، چۇقان - سۈرەنلەر ، ۋارقىراشلار بولۇپ تۇردى . لېكىن ، بۇ يۇرتتىكى خەلقنىڭ ھاياتى بەكلا ئىپتىدائىي ، تەبىئىي ھالەتتە بولغاچقا ، ھەربىر قەدەمنى بېسىشىغا تەسۋىرلىگۈسىز ۋاقىت ۋە كۈچ كېتەتتى . ئەجەبلىنەرلىكى ، بۇ يۇرتنىڭ خەلقى ھاراق ، تاماكا ، بىلىيارت ، قارتا قاتارلىق ئويۇن - تاماشا ، كۆڭۈل ئېچىشلارغا ، ئەخلاققا يات ئىشلارغا شۇنچە قىزىقتىيۇ ، مەكتەپ ، مەدەنىيەت ، تەرەققىيات قاتارلىق ئۇقۇملار ۋە ھەرىكەتلەرگە قىلچە قىزىقمىدى .

ئارىدىن قانچە كۈنلەر ، ئايلار ، يىللار ئۆتكەنلىكى نامەلۇم ، ھېلىقى « ئەۋلىيا » بۇ « نادان » ئەلگە مەدەنىيەت تارقىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر ، بىردىنلا بۇ يەردىن ئۈن - تىنسىز كېتىپ قالدى ۋە ئىككىنچى ئاياغ باسمىدى . بۇ يۇرتتىكى كىشىلەرمۇ ھېلىقى «ئەۋلىيا »نىڭ قاچانلاردا بۇ يەردىن كەتكەنلىكىگە قىلچە دىققەت

قىلمىدى ، ھەتتا بۇ يۇرتقا ئەزەلدىن ئۇنداق ئادەم كېلىپ باقمىغاندەك ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئەسلىرىدىن چىقىرىۋەتتى . چۈنكى ، بۇ يەردىكى كىشىلەر «مەدەنىيەت» نىڭ نېمىلىكىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ قالغان ، «ئۆز يولى»نى تېپىۋالغان ئىدى . قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى كېچە ـ كۈندۈزلەپ چىنار ئاستىغا ، يول بويلىرىغا توختىتىلغان بىليارت تاختىلىرىغا چۈشۈندەك ئولىشىۋېلىپ بىليارت ئوينايتتى ، غۇژمەك ـ غۇژمەك بولۇشۇۋېلىپ مال ـ دۇنيالىرىنى دوغا تىكىپ ، ئوشۇق ، قارتا بىلەن قىمار ئويىنايتتى ، كېچىلەپ ھاراق ئىچەتتى ، نەشە چېكەتتى ، «مەدەنىيەتنىڭ ئالدىنقى سېپى» دە كېتىۋاتقان ئىشقىۋاز خوتۇنلار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلاتتى . بۇرۇنقى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەر ، ئوغلاق تارتىشىش ، ئات بەيگىسى ، چېلىشىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئويۇنلار ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان ، ھەتتا كىشىلەر كۆڭلىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىنمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى .

كۈنلەر ، ئايلار ، يىللار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئېقىن سۇدەك ئۆتۈۋەردى . بۇ يۇرتنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ، ئەل ئىچىنى ئىشرەتخورلۇق ، بۇزۇقچىلىق ، ھورۇنلۇق ، كۆرەلمەسلىك ، جېدەل ـ ماجىرا ، قاتىللىق قاتارلىق ئىللەتلەر قاپلىغان ئىدى . ھەر كۈنى نەچچە ئونلىغان كىشى ئورۇنسىز جېدەل بىلەن پىچاق ، قىلىچ ، نەيزە زەربىسىدە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلاتتى . بۇنى سورايدىغان ، تەرتىپكە سالىدىغان ئادەم يوق ئىدى . كىشىلەر كېسەللىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان بۇ ئەلدە يېڭىدىن ـ يېڭى كېسەللىكلەر پەيدا بولۇپ ، قېرى ـ ياش ھەممىسى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قىرىلماقتا ئىدى . تۇغۇلغان باللار ۋىجىك ، ئورۇق ، سۇپەتسىز ، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى كەمتۈك ئىدى ، تەن قۇرۇلۇشى ، چىرايىمۇ ئەجدادلىرىغا قىلچە ئوخشىمايتتى . ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەنلەر ئاران 60 يىل ياشىيالايتتى . بۇ يۇرتتا قارا قانىتىنى سۆرەپ يۈرگەن ھورۇنلۇق ئالۋاستىسىنىڭ ھۆجۇمى ئارقىسىدا ئىشلەپچىقىرىش ، تېرىلغۇ ئىشلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تاشلىنىپ قالدى .

ئېكىنزارلىقلار قۇرۇپ، قۇم ئەجدىھاسى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، قۇرۇشقا باشلىغان بوستانلىقلارنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ كەلمەكتە ئىدى. يۇرتنىڭ كىلىماتىمۇ بۇزۇلدى، ھېلىدىن - ھېلىغا بوران، قار - يامغۇر، مۆلدۈر ئۈزۈلمەيتتى. ساپ ھاۋا، سۈزۈك ئېقىن، چاڭلىداپ سايراپ تۇرىدىغان بۇلبۇللار چۈشكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

بۇ يۇرتتا ئەڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن، ھېچقانداق ۋابا، خېيىمخەتەرگە ئۇچرىمىغان بىرلا كىشى قالدى. ئۇ بولسىمۇ مويسىپىت يۇرت بېشى بولۇپ، ئۇ گەرچە قېرىپ نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ھالغا يەتكەن، ئۇنىڭ قاشلىرى ئۆسۈپ ئېڭەككىچە ساڭگىلىغان، ساقاللىرى يەرگىچە تېگىپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، زېھنى يەنىلا ئۆتكۈر، تەپەككۇرى جايىدا ئىدى، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ يۇرتنىڭ ھالاكىتىنى، بۇ مۇقەددەس زېمىن بىلەن تەڭ ھالاك بولۇشنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ تۈنجى قارارنى خاتا چىقارغانلىقىدىن — يۇرت ئەھلىنى سىرتتىن كەلگەن «ئەۋلىيا مېھمان»نى بۇ مۇقەددەس زېمىنغا يېقىن يولاتماسلىققا دەۋەت قىلمىغانلىقىدىن ئۆمۈر بويى پۇشايمان قىلىپ ئۆتتى. «ئاھ، پۇشايمان، تۈگىمەس پۇشايمان! ئادەم ئاتىنىڭ جەننەتتە خاتالىشىپ بۇغداينى يەپ قويغانلىقىدىن باشلانغان پۇشايمان ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ ماڭارمۇ؟ مۇشۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولۇش پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن بولغىيمىتى» دەپ ئاھ ئۇرۇپ ئۆتكەن مويسىپىتنىڭ كۆز ياشلىرى نەچچە يىللاپ ئېقىپ قۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىدىن ئېچىنىش، ئۆزىنى ئەيىبلەش تۇيغۇسىدىن بىر تېرە، بىر سۆڭەككە ئايلىنىپ قالدى. يۇرت ئەھلىنى، قېرىنداشلىرىنى خاتا يولدىن توسۇپ، ئۇلارغا تولا نەسىھەت قىلىپ ھاردى، ئاخىر بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەس بولدى. ھەممە ئىشقا ئوتتەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن سوغۇق تىكىلىپ، ۋەزمىن قىياپەتتە ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى. ئۇ ھەممىنى بىلىدىغاندەك: بۇ كىشىلەرنىڭ تەقدىر ھارۋىسىنىڭ قاياققا بارىدىغانلىقىنى، قايسى كاتاڭغا تىقىلىپ قالىدىغانلىقىنى

بىلىدىغاندەك ، ئاخىرقى نەتىجىگە ئالىقاچان تەييارلىنىپ قويغاندەك قىلاتتى . بۇ يەردىكى كىشىلەر بولسا يۇرتتا مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئالىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى .

يەنە قانچىلىك ئايلار ، يىللار ئۆتكەنلىكى نامەلۇم . ئاخىر بۇ يۇرتتا ئىبغىر ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ ، يۇرت ئەھلىنىڭ يەيدىغان ھېچنىمىسى قالمىدى . قۇم ئالۋاستىسى ئېتىزلىقلار ، بوستانلىقلار ، مەھەللىلەرنى ئاللىقاچان يۇتۇپ كەتكەن ، پەقەت چىنارنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىككىنە يەر ھاياتلىقتا نىشان بولۇپ ساقلىنىپ قالغان ئىدى . قىرىلىدىغىنى قىرىلىپ ، گويا ئاچ ئەرۋاھقا ، قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئوخشاپ قالغان بىر قىسىم كىشىلەر ئەڭ ئاخىرقى ھاراق شىشىلىرىنى قۇچاقلاپ ، چىنار ئەتراپىدا سۇنايلىنىپ يېتىشاتتى . كۆكىرىپ تۇرغان ، يېگىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئەكېلىپ ، ئۇلارغا ئازراق بولسىمۇ جان بېغىشلاۋاتقان بىر قىسىم ئاياللارمۇ مانا ئەمدى ئاچلىق ، زەئىپلىك تۈپەيلىدىن كوچا بويلىرىدا تۇگۇلۇپ يېتىپ قالغان ئىدى . بۇ بىچارە ئەرلەر ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى قۇۋۋەتلىرىنى ئۆمىلەپ يۈرۈپ ھاراق ياساشقا بېغىشلىغان ، ھاياتىنى ھاراققا تېگىشكەن ئىدى . مانا ئەمدى ئۇلار مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدىنلا ھايات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ ، قۇرۇق شىشىنى قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلانغان قولىدا چىڭ سىقىمداپ ، داق يەرگە لايدەك چاپلىشىپ ياتماقتا ئىدى .

يەنە نەچچە كۈنلەر ، ئايلار ئۆتتى . چىنار ئەتراپىدا ، قىسقا كوچىلارنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىدە ھەر خىل شەكىلدە ياتقان كىشىلەرنىڭ تېنىدە بىردىنلا ئاجايىپ غەلىتە ھالەت روي بېرىشكە باشلىدى : ئادەملەرنىڭ بەدىنىنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغان قىسمىدىن ئاستا ـ ئاستا يىلتىزلار چىقىپ تۇپراققا قاراپ ئۆسۈشكە ، بەدىنىنىڭ ئۇستى قىسمىدىن ئاستا ـ ئاستا نوتىلار ئۇنۇپ يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدى . خۇددى بىرى ئەپسۇن ئوقۇپ قويغاندەكلا ، ھەممە ئادەمنىڭ بەدىنىدىن شاخلار ئۆسۈپ چىقىپ ، سۆڭەكلىرى دەرەخ غولىغا ، قوللىرى شاخلارغا ، قۇلاق ، بۇرۇنلىرى يوپۇرماقلارغا ئايلىنىپ ، ئادەم دەرەخلەر پەيدا بولۇشقا باش-

لىدى. شۇ ئارىدا تۈيۈقسىز قويۇن پەيدا بولۇپ، قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. يەتتە كېچە - كۈندۈزگە سوزۇلغان بۇ بوران شۇنچىلىك قاتتىق چىقتىكى، خۇددى غايەت زور بىر مەخلۇق قايسىدۇر بىر ئىشتىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، نەرە تارتىپ ئالەمنى مالەم قىلىۋاتقاندەك، زېمىننى كۆمتۈرۈۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندەكلا ئىدى. سەككىزىنچى كۈنى بوران قانداق تۈيۈقسىز چىققان بولسا، يەنە شۇنداق تۈيۈقسىز توختاپ قالدى. ئەمدى بۇ يەردە نە مەھەللە، نە ھاياتلىقنىڭ ئىزناسى قالمىغان، پەقەت پايانسىز، چەكسىز قۇملۇق سوزۇلۇپ ياتاتتى. قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ قېرى چىنار دەرىخى، ئەتراپتا چوڭ - كىچىك ھەر خىل شەكىلدىكى توغراقلار قۇملۇققا چاپلاپ قويغان رەسىمدەك جىمجىت تۇراتتى. ئادەمگە ئاجايىپ خىيالىي تۇيغۇ بېغىشلايدىغان، ساپسېرىق قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياپيېشىل دەرەخلەر كىشىنى تەگسىز ئويلارغا غەرق قىلاتتى. ھەر كۈنى سەھەردە توغراقلارنىڭ ياپراقلىرىدا كۆز يېشىدەك تىزىلىپ كەتكەن شەبنەم دانىچىلىرى قۇياش نۇرىدا يالىلداپ چاقناپ كېتەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇملۇقتىن، توغراقلارنىڭ يېنىدىن تۆگىلىك، ئاتلىق، ئاپتوموبىللىق كارۋانلار ئۆتۈشتى. ئۇلار قۇملۇقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ تۇرغان توغراقلارغا ھەيران بولۇپ، بۇ يەردە ئارام ئېلىشتى، چېدىر تىكىشتى. لېكىن، كەچ كىرىشى بىلەنلا مەيىن شامالدا شىلدىرلاۋاتقان، ئىرغاڭلاۋاتقان توغراق شاخلىرىدىن خۇددى بىر كىملەرنىڭ ئىڭراۋاتقاندەك، ئۇھ تارتىۋاتقاندەك، ئۆكسۈۋاتقاندەك، قىيا - چىيا قىلىپ يىغلاۋاتقاندەك غەلىتە، قورقۇنچلۇق ئاۋازلار چىقاتتى، ھەتتا بۇ ئاۋازلار قۇملۇقنىڭ نېرىقى قىرغاقلىرىغىچە ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. بۇ ئاۋازلاردىن ساراسىمىگە چۈشكەن، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى يېشەلمىگەن كارۋانلار كۆدە - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بۇ يەردىن ئالدىراپ - سالدىراپ كېتىپ قالاتتى.



# ئۇلۇغ ئىنسان

... چوققىغا يېتىشكە ئازلا قالغان ئىدىم ، لېكىن بۇ ئەڭ خەتەرلىك بالداق ئىدى . مەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم . چۈنكى ، چىقىشقا كۆزۈم يەتمەيۋاتاتتى . دەل شۇ پەيتتە ئۇلۇغ ئىنسان يەنە كەلدى ـ دە : « قېنى ، مۈرەمگە چىق » دېدى . مەن خىجىللىق بىلەن ئىچىمدە بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاۋارە قىلىشىم بولۇپ قالار دەپ ئويلاپ ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە چىقتىم . ئۇ ئۇچلۇق ، قىرلىق قىيا تاشلارنى دەسسەپ ، خوخا ـ تىكەن-لەرنى چىڭ قاماللاپ تۇراتتى . مەن ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن چوققىغا بىمالال چىقىۋالدىم . ئارقامغا قارىسام ئۇ يوق ئىدى ، ئۇ ئاستالا كېتىپ قاپتۇ . مەن « رەھمەت » مۇ دەۋالالمىغانلىقىمغا بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم . خەير ، نە چارە ، ئالدىمغا قارىدىم ـ دە ، ھەۋەسلەنگەنلىكىمدىن « پاھ ! » دەۋەتتىم ، ئالدىمدا يېشىل گىلەم كەبى گۈزەل مەنزىرە يېيىلىپ ياتاتتى ...



# رەڭدار سۈرەتلەر

**( چاتما )**

## ئانا

مەن ھاياتقا تەلپۈنگەن ۋاقتىمدا ، دۇنيا ماڭا شۇ قەدەر گۈزەل كۆرۈنگەن ئىدى . ھاياتتىن ئۈمىدسىزلەنگەن ۋاقتىمدا ، دۇنيا ماڭا شۇنچىلىك رەھىمسىز كۆرۈندى . بىراق ، سېنىڭ قۇياشتەك ئوبرازىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىكەن ئەي ئانا .

## يولۇچى

مەن ھاياتلىق يولىدا سەپەرداشلىرىم بىلەن كېتىۋاتاتتىم . تۇيۇقسىز يول بويىدا ئولتۇرغان 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر « تىلەمچى » مېنى ھەيران قالدۇردى . ئۈستىگە شىم ـ كاستۇم كىيگەن ، بەدىنىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بۇ «تىلەمچى » ئۆتۈۋاتقان ھەربىر يولۇچىدىن يامغۇردەك ياش تۆككىنىچە نېمىدۇر بىر نەرسە تىلەۋاتاتتى .

— سىزگە نېمە كېرەك ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە .

— ماڭا ئىرادە ۋە غەيرەت بايلىقىڭىزدىن بىر ئۈلۈش بەرسىڭىز .

مەن سەپەرداشلىرىم بىلەن ئەپسۇسلىنىش نەزىرىدە كۆز بىقىشۋالدىم ـ دە ، مۈرەمنى قىسىپ قويۇپ مېڭىشقا تەمشەلدىم .

شۇ چاغدا توپ ئارىسىدىن 70 ياشلار چامىسىدىكى ۋىجىك بىر بوۋاي چىقىپ « تىلەمچى » گە مۇنداق دېدى :

ــ ئوغلۇم ، ئىرادە بىلەن غەيرەت ھەربىر ئەركەكنىڭ ۋۇجۇدىدا . بىز يولىمىزغا ئاتلاندۇق . « تىلەمچى » ئاغزىنى كاماردەك ئاچقىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى .

بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن بىر كىمنىڭ كەينىمىزدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق ، بۇ « تىلەمچى » ئىدى .

## رەڭدار سۈرەتلەر

مەن ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالدىم . ئۇنىڭ لالىدەك قىزارغان يۈزى ، چوڭچۇپ تۇرغان كۆزىنى يەرگە تىككىنىچە ئاجىز تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن كۆڭلىكىنى غىجىملاپ ، سورىغان سوئاللىرىمغا دۇدۇقلاپ جاۋاب بېرىشى خۇددى يىگىتى بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقان سەھرا قىزىغا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ بۇنداق تارتىنچاقلىقى مەندە ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلدى .

مەن ئۇنى نۇرغۇن ئەركەكلەر ئىچىدە ئۇچرىتىپ قالدىم . ئۇنىڭ تارتىنچاقلىقى قەيەرگىدۇر يوقالغان بولۇپ ، توپ ئىچىدە ئەتراپقا مەغرۇر نەزەر تاشلاپ ، مەڭستىمەسلىك بىلەن چوڭچۇلداپ سۆزلەۋاتاتتى . باشقىلار ئۇنىڭغا ھەدەپ خۇشامەت قىلىشىۋاتاتتى .

مەن بىر سورۇنغا كىرىپ قالدىم . بۇ خېلى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار يىغىلغان سورۇن بولۇپ ، ئۇ مۇنبەردە ھاياجان بىلەن شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىۋاتاتتى . ئاڭلىغۇچىلار ھەدەپ ئالقىش ياغدۇرۇۋاتاتتى .

مەن رېستورانغا كىرىپلا ئۇنى يەنە ئۇچرىتىپ قالدىم . ئۇ قىپقىزىل ئىچىملىك تولدۇرۇلغان رومكىنى قولىدا ئايلاندۇرغىنىچە ، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بەستلىك يىگىتكە خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى تىكىپ پىچىرلاۋاتاتتى .

مەن بۇگۈن ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتناشتىم. ئۇ مۇكاپاتلانغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەيدىسىگە «شەرەپ» گۈلى تاقاپ، مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تۇتقىنىچە لەۋلىرىنى يىرىم چىشلەپ تۇراتتى. «چاراس - چاراس» قىلغان ئاۋازلار بىلەن تەڭ بىرنەچچە فوتو ئاپپارات «يالت - يۇلت» قىلىپ چاقناپ، بۇ «شەرەپ ئىگىلىرى» نى سۈرەتكە تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆڭۈل ئېكرانىم تارتىۋالغان يۇقىرىقى سۈرەتلەر كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

# پاراسەت

ئۇ سېنى پۈتلىۋەتتى.

مەن سېنى قاتتىق غەزەپلىنىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم. بىراق، سەن ئۇنىڭغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، ئۇنى قولتۇقلاپ يۈرۈپ كەتتىڭ.

مەن ھەيران بولغىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم.

# نەتىجە

مەن ئۇنى ئۇزلۇكسىز تەربىيىلىدىم. ئۇ مېنىڭ ھەرقانداق تەكلىپىمنى غەمكىنلىك بىلەن سۆزسىز قوبۇل قىلاتتى. مەن ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى «ھەققىي ئادەم» قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتىم. ئەپسۇس، مەن ئۆز نەتىجەمدىن خۇشاللانغان چېغىمدا، ئۇ ئاللىقاچان قۇرۇق مۇردىغا ئايلانغان ئىدى.

# ئازاب

قۇياشسىز كۈندۈز، خىرە مەنزىرە، قىپقىزىل قەدەھتە سۇنۇلغان سەۋدالىق شارابى يۈرىكىمنى ئازاب خەنجىرىدە تىلىپ، نىمجان روھىمنى

قايغۇ قەپسگە مەھكۇم قلدى .

قۇياش پارلاپ تۇرغان قاپقاراڭغۇ تۈندە ، تېنىم كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ . قۇياش پېتىپ مەن ئۈچۈن كۈندۈز باشلانغاندا ، تېنىم پۈتۈنلىنىدۇ . قىپقىزىل قەدەھتە سۇنۇلغان سەۋدالىق شارابىنى يەنە ئىچىمەن ، كۆيىمەن ، ئىچىمەن ... ئاغرىقسىز ئازاب ئاجىز تېنىمنى ياپراقتەك تىترىتىدۇ . ئاھ ، تەڭرىم ، پىرومېتىمۇ مەنچىلىك ئازاب چەكمىگەندۇ ؟! ماڭا شاپائەت قىل ، مېنى ئۆز دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەت .

# تۆھمەت قۇربانى

ئۇ كۆل بويىغا كەلدى ۋە لەۋلىرىدە مەسخىرىلىك كۈلكە ئويناتقىنىچە كېيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى . پىنھاندا بىر جۈپ كۆز ئۇنى كۆزىتىپ تۇراتتى ... ئۇ ئاۋۋال ھالرەڭ ئۈزۈن كۆڭلىكىنى ، پايپىقىنى ، رۇباشكىسىنى ، ئاندىن ... ئۇ ئاندىن تۇغما ھالەتكە كەلدى . ئۇنىڭ شېشىدەك سۈزۈك ، پىل چىشىدەك ئاق بەدىنى شۇنچىلىك جەزبىدار كۆرۈنەتتىكى ، ھەتتا يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭدەك گۈزەل ئەمەس ئىدى . ئۇ خاتىرجەم ھالدا كۆلگە قاراپ ماڭدى . ئۇ سۇ يۈزىدە سۇغا چۆكۈپ كەتمەستىن ، خۇددى يەردە ماڭغاندەك مېڭىپ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى ۋە ئاسمانغا تىكىلدى ، ئىللىق قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ ئۈزۈن كىرپىكىگە ئىلىنىپ قالغان ئىككى تامچە ياش يالت قىلىپ چاقناپ كەتتى . ئۇ تۇيۇقسىزلا كۆيۈشكە باشلىدى ، ئاۋۋال چېچى ، ئۇنىڭدىن كېيىن قولى ، بەدىنى ... ئۇ بىردەمدىلا كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى . كۆل يۈزىدە پەقەت بىر ئوچۇم جەسەت كۈلى قالدى . شۇ ئەسنادا كۆل بويىدىكى ئوت - چۆپلۈك ئارىسىدىن يۈزىگە قورۇق چۈشكەن ، چاچلىرى پاخپايغان بىر « بوۋاي » چىقىپ قوللىرىنى ئاسمانغا سوزغىنىچە نېمىنىدۇر ئىلتىجا قىلىپ ، ئۆزىنى كۆلگە ئاتتى . « پولتوك » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆل يۈزى دولقۇنلاندى . بۇ دولقۇندىن ھاسىل بولغان سۇ چەمبىرەكلىرى

سۇ يۈزىدىكى جەسەت كۆلنى كۆل يۈزىگە تەكشى يېيىۋەتتى . جەسەت كۆلى كۆل يۈزىگە تەكشى يېيىلدى .

## ئاداققى كۆلكە

ئۆنىڭ ۋاپاسىزلىق خەنجىرىدە شىكەستىلەنگەن ئاجىز يۈرىكى ياپراقتەك تىترىمەكتە ئىدى ، تەگداشسىز ئازاب ئۆنى يىقىتتى ، ئۇ ئىمجان ھالەتتە خىلۋەتتىكى بىر كۆل بويىدا يېتىپ قالدى . تۇيۇقسىزلا ئۆنىڭ يېنىدا بۆرە پەيدا بولدى . ئۇ تېنىنى مىدىرلىتالمايتتى ، ئۆنىڭ سەزگۈلىرىمۇ نە قورقۇش ، نە خەۋپسىرەشتىن نېرى ئىدى . بۆرە غىڭشىغىنىچە ئاستا ئۆنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈزلىرىنى ، قوللىرىنى يالىدى ۋە چاپىنىنىڭ پېشىنى چىشلەپ قاياققىدۇر تارتىشقا باشلىدى . ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن ئاستا - ئاستا ، كېيىن تولۇق كۆلدى . بۇ ئۆنىڭ ئىچ - ئىچىدىن چىققان ئەڭ ساپ ، ئەڭ سەمىمىي كۆلكىسى ئىدى . بۇ كۆلكە ئۆنىڭ يۈزلىرىدە ئەبەدىيلىك قېتىپ قالدى .

## گۇناھكار

سۇبھى . ئۇ قەبرىستانلىق ئارىسىدىكى يالغۇز ئاياغ يولدا كېتىۋاتاتتى . تۇيۇقسىز ياندىكى بىر قەبرىدىن بىر ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى ئۆنىڭ ئالدىغا دومىلاپ كەلدى ، ئۇ قاتتىق ساراسىمە ئىچىدە كەينىگە قاراپ قاچتى ۋە بىر قەبرىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى . ئۇ بەزگەكتەك تىترىگىنىچە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ دۇم يېتىۋالدى . كىمدۇر بىرى ئۆنىڭ دۈمبىسىنى قوپال سىلاشقا باشلىدى . ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا قورقۇنچلۇق ۋارقىرىۋەتتى ، بىر ئادەمنىڭ ئىسكىلىتى ئۆنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى . ئۇ سەۋدايىلارچە ۋارقىراپ ، ئۆملەپ قوپۇپ يەنە قاچتى ۋە بىرھازا يۈگۈرگەندىن كېيىن « گۈپ » قىلىپ بىر قەبرىنىڭ

ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ، چۈشۈپ كەتتىۋ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى ، قەبرە ئىچىدە ئاندىن تۇغما هالەتتىكى بىر جۈپ قىز ـ يىگىت هەدەپ سۆيۈشۈۋاتاتتى . بۇ نېمە كارامەت ! ئۇنىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك چەكچىيىپ ، قورقۇنچتىن سائەت ماياتنىكىدەك پۇلاڭلاۋاتقان يۈرىكى هەـ رىكەتتىن توختاپ قالغاندەك بولدى . ئۇ بىرهازا ئاغزىنى كالاردەك ئاچقىنىچە هەرىكەتسىز تۇرۇپ قالدى ، ئاندىن ئوپۇل ـ توپۇل يۈگۈرىگىنىچە قاراپ ياماشتى . ئۇ تىزمىلاپ ، تاتىلاپ ئاران دېگەندە قەبرە ئۈستىگە چىقتى ـ دە ، هوشىدىن كەتتى .

بىر چاغدا ئۇنىڭ يۈزىگە يىرىك بىرنەرسە سانجىلغاندەك بولدى ، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ يەنە چۆچۈپ كەتتى ، بىر قېرى ئىت تۈكلۈك تۇمشۇقىنى ئۇنىڭ يۈزىگە سۈركەپ ، ئۇنى پۇراۋاتاتتى . ئۇ شۇئان ئورنىـ دىن تۇرۇپ قەبرىستانلىقنىڭ سىرتىغا قاراپ قاچتى . ئۇ هەدەپ ۋارقىرايتتى ، كۈلەتتى ، يىغلايتتى ... ئۇ ئاران دېگەندە قەبرىستانلىق يېنىـ دىكى مەسچىتكە ئۈلاشتى ۋە ئۆملەپ كىرىپ مېهراپنىڭ ئالدىغا ئوڭدىسىغا يىقىلدى . ئۇنىڭ ۋەهىملىك چەكچەيگەن كۆزلىرى تورۇسقا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى .

## تەقدىر

تىپتىنچ ئېقىۋاتقان قەدىمىي دەريا ، ئۇ خۇددى نۇرغۇن كەچۈرـ مىشلەرنى ئەسلەۋاتقاندەك شاۋقۇنسىز ، جىمجىت ئاقماقتا . ئېگىز ـ ئېگىز بىنالاردىن ، زاۋۇت ـ كارخانىلاردىن ، دوختۇرخانا ، مەكتەپلەردىن مىـ نۇتلاپ چىقىۋاتقان ئەخلەت ، يۇندى ، گەندە ـ سۈيدۈكلەر ئېقىن ـ ئېقىنلاپ بۇ دەرياغا قۇيۇلماقتا . دەريا يەنىلا ئۈنسىز هالدا پايانسىز يېزا ـ قىشلاقلارغا يول ئالماقتا . مانا ، پەرىجىلىك ، چۈمبەللىك يېزا قىزلىرى چېلەك ـ سوغىلاردا بۇ سۇنى توشۇپ ئىدىش ـ كوزىلارنى تولدۇرماقتا . خامانچى يىگىتلەر زاغرا ناننى بۇ سۇغا چىلاپ مەززە قىلىپ يېمەكتە .

ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلار بۇ ئۇلۇغ سۇدا تەرەت ئالماقتا . ئاھ ، تەڭرىم ، بۇ نېمە قىسمەت ! بىرلىرىمىز چىقارغان پوق - سۈيدۈكنى بىرلىرىمىز ئىچىۋاتىمىز . بىرلىرىمىز تۆككەن يۇندى ، ئەخلەتتە بىرلىرىمىز پاكلىنىۋاتىمىز . بۇ سېنىڭ بىزگە بەرگەن جازايىڭمۇ ياكى مەسخىرەڭمۇ ؟! ...

## توغراقنىڭ ھەسرىتى

پايانسىز كەتكەن چۆل ، قېرىغان ، مۈكچەيگەن قەددىمى توغراق بۇ چۆلنىڭ بىردىنبىر پۇقراسى سۈپىتىدە مىسكىن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا . ئۇنىڭ قوۋۇم - قېرىنداشلىرى پۈتۈنلەي قىرىلغان ، بۇنىڭغا زومچەك - زومچەك تۆپىلار — « توغراق قەبرىلىرى » گۇۋاھ . قېرى توغراق بىر نۇقتىغا ، ۋىل - ۋىل ئالۋۇن ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان خارابە شەھەرگە تىكىلگىنىچە خىيالغا چۆككەن . ئۇنىڭ ئويلاۋاتقىنى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئۆتمۈشىمىدۇ ياكى ئېچىنىشلىق كەلگۈسىمىدۇ ؟ لەززەتلىك تارىخىمىدۇ ياكى پاجىئەلىك تەقدىرىمىدۇ ؟

## تەڭسىزلىك

ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرى ، سوغۇق نىگاھلىرى بىلەن قەلب خانەمنىڭ شاھىغا ئايلاندى . مەن غەمكىن تەلمۈرۈشۈم ، ئۈمىدسىز كۈتۈشلىرىم بىلەن ئۇنىڭ قۇلىغا ئايلاندىم .



# مۇقەددەس مۇھەببەت

ئانىنىڭ بىر تېمىم سۈتى ھەققىگە
يەتتە رەت ئاپارماق ھاجەت مەككىگە .
بىر تېمىم سۈت ھەققى بولسا شۇنچىلىك ،
نېمە دەيسەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەجرىگە .

ـــ ئا . ئۆتكۈر

قۇربان ھېيتتا قېرىنداشلىرىم بىلەن تۇپراق بېشىغا چىقتىم . ئۇزاق يىللار داۋامىدا بارغانسېرى كېڭىيىپ روھلار دۇنياسىغا ئايلانغان قەبرىستانلىق سۈرلۈك ، مۇڭلۇق قىياپەتتە سوزۇلۇپ ياتاتتى . گاھى چوقچىيىپ ، گاھى قىڭغىيىپ تۇرغان ، گاھى گۇمبەزلىك ، گاھى گۇمبەزسىز قەبرىلەر ئارىسىدىن ئۆزۈمگە تونۇشلۇق بولغان يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ئانامنىڭ قەبرىسىنىڭ بېشىغا كەلدىم ۋە يۇمشاق توپا ئۈستىگە يۈكۈندۈم . ياش قارىيىنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى يۈرىكىمنى لەرزىگە سېلىپ ، كۆزلىرىمگە ئىختىيارسىز ياش ئولاشتۇردى . ئاشۇ تىترەڭگۈ قىرائەت ئىچىدە ئانام مېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇرغاندەك ، ئىللىق ئالقانلىرى بىلەن بېشىمنى سىلاۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى . قىرائەتتىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قەبرە يېنىغا كەلدىم ـ دە ، تېخى كونىرىمىغان قەبرە تۇلۇقىنى ئاستا قۇچاقلىدىم . بىردىنلا چەكسىز سېغىنىش ، ئېغىر جۇدالىق قەلبىمنى قاتتىق مۇجۇپ ، كۆز ياشلىرىمنى سەلدەك ئاققۇزدى . قەبرىگە

يۈزۈمنى يېقىپ ، بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدىم .

ئانام ھايات ۋاقتىدا ئۆزۈمنى بەھۇزۇر ، ئەركىن سېزەتتىم . گەرچە ھايات مۇشكۈلچىلىكلىرى مېنى ھەر خىل روھىي ئازابلارغا دۇچار قىلغان بولسىمۇ ، بىر خىل مۇقەددەس خاتىرجەملىك مېنى ئەللەيلەپ تۇراتتى . ئەمدى ئويلىسام ، ئۇ ئانامنىڭ قۇدرىتىدىن ئىكەن . ئانام سەممىي ، مېھرىبان ئانا ، پېشقەدەم ، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن مېنى ۋاپادار ، غۇرۇرلۇق ئوغۇل ، چىداملىق ، ھەقىقىي ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ باراتتى . ئۆزىنىڭ سېھرىي قۇدرىتى ، ئانىلىق سالاھىيىتى بىلەن ماڭا تەسىر كۆرسىتەتتى . مېنىڭ غەلبەمدىن ، شادلىقىمدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ ، ئورتاق تەنتەنە قىلاتتى . ئوڭۇشسىزلىقتا ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسام ، ئۇ ماڭا تەسەللى بېرىپ ، مېنى بەردەم بولۇشقا ئۈندەيتتى ۋە ئىشەنچىمنى ئاشۇراتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسابسىز كۆيۈمچانلىقى ، ئەخلاق ـ پەزىلىتى بىلەن ماڭا ئۈرنەك بولاتتى . ئەپسۇس ، شۇ چاغلاردا ئانا مۇھەببىتىنىڭ زادى قانچىلىك چوڭقۇر ۋە مۇقەددەس بولىدىغانلىقىنى تولۇق ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن . ئانام ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز كەتكەندە ، رەھىمسىز رېئاللىققا ئىشىنەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم ، پۈتكۈل روھىيىتىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى ، قەلبىمنى مەڭگۈلۈك زىمىستان ئىگىلىدى ، نازۇك تەبىئىتىم پۈتۈنلەي گۇمران بولۇپ ، ياشاشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغاندەك ھېس قىلدىم ۋە بۇ چىدىغۇسىز ئازابتىن ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالالمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ قالدىم . ئانامنى ھازىرلا بىر يەردىن قايتىپ كېلىدىغاندەك ، كۈلۈمسىرەپ يېنىمدا پەيدا بولىدىغاندەك بىر خىل خىيالىي سېزىم ئىچىدە ئەتراپلارغا تەلمۈرۈپ يۈردۈم . بىراق ، رەھىمسىز تەقدىر ئېزگۈ خىياللىرىمنى پۈتۈنلەي بەربات قىلدى . ئاخىر بۇ پاجىئەلىك ئەمەلىيەتكە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم . ئەتراپىتىكى ساخاۋەتلىك قۇرداشلىرىمنىڭ تەسەللىسى ، رىغبىتى بىلەن ئۆزۈمنى ئازراق تۇتۇۋالغان بولسامۇ ، بىراق يۈرىكىمدە مەڭگۈ ئېرىمەس مۇز قېتىپ قالغان ، چېھرىمدىن ھەقىقىي كۈلكە مەڭگۈلۈك غايىب بولغان

ئىدى. يېتىملىك، مىسكىنلىك تۇيغۇسى قەلبىمنى چۇلغىۋالدى. بۇ خىل جۇدالىقنىڭ ئورنىنى ئەبەدىي تولدۇرۇپ بولمايدىغانلىقىنى، ئانا مېھرىگە ھېچقانداق نەرسىنى تەڭ قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چەكسىز قايغۇ ئىچىدە ھېس قىلىپ يەتتىم. دەل مۇشۇ چاغدىلا ئانا مۇھەببىتىنىڭ بىز كۆپ مەدھىيىلەۋاتقان، ھارماي يېزىۋاتقاندىنمۇ زور دەرىجىدە يۈكسەك ۋە مۇقەددەس بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بىراق، مەن بۇنى بەك كېچىكىپ ھېس قىلغان ئىدىم. گەرچە مەن ئانامنىڭ ئۈمىدىگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرغان بولسامۇ، يەنىلا بىر خىل خىجىللىق، پۇشايمان، ئۆكۈنۈش ھامان مېنى قىيناپ كەلدى. دەل شۇ سەۋەبتىن، مەجبۇرىيەت، پەرزەنتلىك تۇيغۇسى بىلەن نۇرغۇن ئېزگۈ ئىستەكلەرنى قەلبىمگە پۈكۈپ، ھەقىقىي ئادەملىك يولىدا ياشاپ كەلدىم. گەرچە مەڭگۈلۈك جۇدالىق، ئېغىر ھەسرەت يۈرىكىمنى قۇرتتەك غاجاپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ خىل ئازابلىق مۇھەببەتتىن تەسەللى ئېلىپ، روھىيىتىمنى تاۋلاپ كەلدىم. ئۇزاق كېچىلەردە ئانام بىلەن خىيالىي سىردىشىپ، ھايات يولۇمدىكى مۇشكۈل توسالغۇلارنى يېڭىش ئىشەنچىمنى ئاشۇردۇم. ھەربىر نەتىجەم، مۇۋەپپەقىيىتىم ئارقىلىق ئانامنىڭ روھىنى خۇش قىلدىم. دېمەك، ئانام يەنىلا ئۆزىنىڭ سېھرىي قۇدرىتى بىلەن ماڭا يار - يۆلەكتە بولۇپ، مېنى توغرا يولغا باشلاپ كەلدى.

مانا ھازىر قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۆزۈمنى بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك، خاتىرجەملىككە، ئازادىلىككە ئېرىشكەندەك ھېس قىلىپ قالدىم. مەن بۇ ئارقىلىق ئانا مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، مەڭگۈلۈك ۋە سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر نۇقتىدىن تولۇق چۈشەنگەندەك بولدۇم. چۈنكى، مەن ئانامنىڭ ئاللىقاچان تۇپراققا ئايلانغان جىسمىنى قۇچاقلاپ، بارلىق دەرد - ھەسرىتىمنى، ئازابلىرىمنى تۆككەن، ئىسسىق كۆز ياشلىرىم ئارقىلىق قەلبىمنى نامايان قىلغان ئىدىم. بۇنىڭ بىلەن روھىم تازىلىنىپ ۋە پاكلىنىپ، قەلبىمدىكى كىر - داغلار يۇيۇلۇپ، ھەسرەت - ئازابلار ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىدى. ئانام ئۆز رو-

ھىنىڭ، ئۆز قۇدرىتىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان ئاشۇ يېگانە قەبرىسى ئارقىلىق ماڭا تەسەللى بەرگەن، ماڭا روھىي مەدەت بەرگەن ئىدى. دې- مەك، ئانام ئاللىقاچان بىز بىلەن ۋىدالاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇھەببىتى، قۇدرىتى ماڭا مەڭگۈ ھەمراھ بولۇپ، مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدىكەن.

مەن خىيالدىن ئېسىمنى يىغىپ، يىراقتا قېلىۋاتقان قەبرىستانلىققا ئاخىرقى قېتىم قاراپ قويدۇم - دە، ئۇ ئالەمدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ روھىغا خۇشلۇق تىلەپ، ۋەزمىن قەدەملەر بىلەن يولۇمغا راۋان بولدۇم.

# ئاھ، پەرىشتەم

ئاھ، پەرىشتەم، تىنىق بۇلاقتەك، چېكى يوق ئاسماندەك، بىپايان دېڭىزدەك چەكسىز مېھىر - مۇھەببەتكە، چىدىغۇسىز ھەسرەت - نادامەتكە تولغان ئاھۇ كۆزلىرىڭ بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇرماقتىسەن. تەسۋىرلىگۈسىز قۇدرەتكە ئىگە كۆز نۇرۇڭ رەزىل ماھىيىتىمنى تېشىپ ئۆتۈپ، بىخىسىغان يۈرىكىمگە قادالماقتا. مەن ئۈچۈن تۆككەن تالاي ياشلىرىڭنىڭ شاھىتى بولغان ئۇزۇن ھەم تال - تال قايرىما كىرپىكلىرىڭ ئوماق كۆزلىرىڭگە سايە تاشلاپ، نازۇك تىترەپ تۇرماقتا. مەن قوپال ۋە تۇزكور قوللىرىم بىلەن سېنى تۇتۇپ، ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى تالاي لەۋلەرنىڭ ئۆپۈشىدىن يېرىلغان، گەزلەشكەن، بۇزۇلغان چاڭقاق لەۋلىرىمدە ساڭا تەلمۈرۈپ تۇرماقتىمەن. بىراق، سەن يوق ئىدىڭ! ئالدىمدا تۇرغان، ھاياتىي كۈچ تولۇپ تاشقان سۈرىتىڭ مېنى ئازابلىماقتا!

ئاھ، پەرىشتەم! دالا گۈلىدەك پاك، بىغۇبار تېنىڭ، سەممىي، مېھرىبان يۈرىكىڭ، بوتىلاقتەك ئوماق، مەسۇم چېھرىڭ ئىپلاس غۇرۇرۇم تەرىپىدىن چەيلىنىپ خازان بولدى! يۈرىكىڭدىن تامچىلىغان قان ئاخىر سېنى قەبرىگە سۆرەپ ئېلىپ كەتتى! ئەپسۇس، سېنىڭ ئىسسىق قېنىڭدا بويالغان قولۇم پاك ئوبرازىڭنى يەنىلا تۇتۇپ تۇرماقتا، سېنىڭ ھاياتىڭنى نابۇت قىلغان مەن يەنىلا ئىپلاس قۇرتتەك ئۆمىلەپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن! سەن سەممىي، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشتىڭ، مەن رەزىل، ئىپلاسلىقىم بىلەن بۇ دۇنيادا ياشاپ قالدىم. قېنى ئادىللىق، قېنى قانۇن؟!

ئاھ ، پەرىشتەم ! نېمىشقا مېنى سۆيۈپ قالدىڭ ؟! مەن بارلىق رەزىللىكلىرىم بىلەن سېنىڭ ئالدىڭدا قىپيالىڭاچ ئادەمدەك تاشلىنىپ ياتاتتىم . سەن ئۆتكۈر كۆزلىرىڭ ، سەزگۈر يۈرىكىڭ بىلەن ئۆتمىتۆشۈك قەلبىمنى بەش قولدەك بىلەتتىڭ . مەن سەن ئۈچۈن ئەڭ نەپرەتلىك ئادەم ئىدىم . بىراق ، سەن مېنى قەدىرلەپ ، پۈتكۈل مۇھەببىتىڭنى ماڭا بېغىشلىدىڭ . سېنىڭ مەسۇم ، بىغۇبار لەۋلىرىڭدىن ئاجرالغان لەۋلىرىم يەنە تالاي نىشانسىز لەۋلەرگە سەيلىگاھ بولدى ...

ئاھ ، پەرىشتەم ، سەن كەتتىڭ ، بۇ بىۋاپا دۇنياغا ھەسرەت ، ئازابىڭنى قالدۇرۇپ ، كىچىككىنىمۇ خۇشلۇق كۆرمەي ئارمان بىلەن كەتتىڭ . مەن نامەرد سەندىن ئايرىلىپ ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ھېس قىلدىم ، ئۆزۈمنى يەڭگىللەپ قالغاندەك سەزدىم . ئەپسۇس ، مەن سەندىن ئايرىلىپ بىر پەسىل ئۆتكەندىلا ، سېنىڭ قەدرىڭ بارغانچە ئۆتۈلۈشكە باشلىدى . سېنى تىللىدىم ، قاغىدىم ، قوغلىدىم . لېكىن ، سەن كەتمىدىڭ ، مەيلى كەچتە بولسۇن ، مەيلى كۈندۈزدە بولسۇن ، سەن كۆز ئالدىمدا مىسكىن تۇرقۇڭ بىلەن ھاياتتەك گەۋدىلەندىڭ . ھەرقانچە قىلىپمۇ مېڭەمگە ، ھاياتىمغا ئورناشقان سۈرىتىڭنى ، ئوبرازىڭنى ئۆچۈرۈۋېتەلمىدىم . سەندىن ئايرىلىپ خارلاندىم ، شۈمشەيدىم ، كەمسىتىلدىم ، شاللاقلىق كوچىسىدا پاتقاقتا تىقىلىپ ، سۆرۈلۈپ يۈردۈم . مانا ھازىرلا سېنىڭ پەزىلىتىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر ناتونۇش قىزغا يالقۇنلۇق سۆيگۈ - مۇھەببەت ئىبارىلىرىنى ياغدۇردۇم . تەسىرلىنىشتىن ياتلارنىڭ قۇلاقلىرىغا خۇشامەتگۈيلارچە پىچىرلىدىم . مۇشۇ سۆزلىرىمنىڭ مىڭدىن بىرىنى ساڭا دېگەن بولسامچۇ كاشكى ...

ئاھ ، پەرىشتەم ! ئاخىر تەن بەردىم ! پۈتۈن ئىپلاس ، بۇزۇقچىلىقتىن ئۆزۈمنى تارتىپ ، ساڭا ھەمراھ بولۇش قارارىغا كەلدىم . ئەمما ، سەن يوق ئىدىڭ . ھەققانىي تەڭرى ئاخىر سەن ئۈچۈن ئۆچ ئېلىپ بەردى . بىراق ، سەن ھايات بولغان بولساڭ ، مەندىن ھەرگىز ئۆچ ئالمايتتىڭ . ھەسرەت ، نادامەت ، پۇشايمان ، ئازابلار ماڭا قالدى ،

ئۆكسۈشلەر ماڭا كۆچتى .

ئاھ ، پەرىشتەم ، مانا ، مۇردىنىڭكىدەك سوغۇق ، جانسىز قوللىرىمدا سېنى تۇتۇپ ، قان تامچىلاۋاتقان خۇنۇك ، نۇرسىز كۆزلىرىمدە ساڭا تىكىلىپ ، تەشنالىق ئىلكىدە سۇسىز چۆلدەك قاغجىرىغان قەلبىمنى ساڭا يېقىپ ، يېگانە ھالەتتە ئاجىز تىترەپ تۇرماقتىمەن . بارلىق سۆلكەت ، قىلمىشلىرىم يەر بىلەن يەكسان بولدى ، ھاياتىم ئۆكۈنۈش ، پۇشايمانغا ، نادامەتكە تولدى . ئاخىر يېگانىلىق پاتقىقىغا تىقىلىپ ، مىسكىنلىك كوچىسىدا ئاجىز ئۆمىلەپ كېلىۋاتىمەن . ئەمدى ماڭا كىم ئىچ ئاغرىتىدۇ ؟! نادامەتلىك تەقدىرىمنى كىم ئۆزگەرتىدۇ ؟! ...

ئاھ ، پەرىشتەم ! ...

# يېنىمدىكى قۇياشلارغا

ئايال — دۇنيانىڭ قۇياشى. ئايال — ھاياتلىقنىڭ ئانىسى. ئايالسىز شاپائەتنى، ئايالسىز پاساھەتنى، ئايالسىز مۇھەببەتنى، ئايالسىز ئىنسانىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئانىنىڭ ھەربىر تولغىقى، ھەرتامچە سۈتى دۇنيانى ياراتقۇچى، ھاياتلىقنى كۆكلەتكۈچى ئەڭ چوڭ ئىمكانىيەت. شۇڭا، لىپمۇلىپ مۇھەببەت تولغان قىزغىن يۈرىكىم بىلەن بارلىق خانىم - قىزلارنىڭ بايرىمىنى ئەڭ پاكىز تۇيغۇدا سەممىي مۇبارەكلەيمەن.

## ئانامغا

پەرزەنتلەرنى قانچىلىك جەبىر - جاپادا بېقىپ قاتارغا قوشقىنىڭنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئانا، پەقەت مەنمۇ دادا بولۇپ، يۈرەك باغرىمىزنى يېرىپ چىققان تاتلىق پەرزەنت تەڭ كېچىدىكى شېرىن ئۇيقۇمىزنى بۇزۇپ قىرقىراپ يىغلىغىنىدا، ئۇنىڭ - بۇنىڭ خەقشىنى قىلغىنىدا، تۇيۇقسىز ئوت - كاۋاپ بولۇپ قىزىپ بىزنى ساراسىمىگە سالغىنىدا، سېنىڭ ئىزىڭنى بېسىپ پەرزەنت ئىشقىدا پەرۋانە بولۇۋاتقان مېھرىبان كېلىنىڭنىڭ تۈگىمەس تەشۋىشلىرىنى كۆرگىنىمدە، ئاندىن سېنىڭ ھېسابسىز مېھنىتىڭ ۋە بەدىلىڭنىڭ، مۇقەددەس تەرىڭنىڭ ۋەزنىنى ھەقىقي تونۇپ يەتتىم. ناھايەت سەن بىر ئەمەس، بەش پەرزەنتنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقانىڭغۇ، ئانا!

تەنتەك ياشلىقىمنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يۇرت جۇدالىقى ، مۇھەببەت جاراھىتى ، ھايات ئوكۇشسىزلىقىغا ئوخشاش ئەرزىمەس ئازابلار دەستىدىن ئوتتىكى قىلدەك تولغىنىپ ، جاھانغا سىغماي ئاھ ئۇرۇپ ، ھاياتتىنمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ئىكەنمەن . مانا سەندىن ، ئانا ھارارىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا ، ئازابنىڭ نېمىلىكىنى يۈرىكىم پارە - پارە بولغان ھالدا تونۇپ يەتتىم . ئانا جۇدالىقى ، ئانىدىن ئايرىلىش ئازابى ئالدىدا باشقا ئازابلار دېڭىزدىكى بىر تامچە سۇ ئىكەنغۇ ئاخىر !

ئويلاپ باقسام ، ياشلىقىقا قەدەم باسقاندىن تارتىپ ئانامنىڭ مېھرىگە قېنىپ تۇرۇپ ئانامنى قۇچاقلاپ ، ئانامنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئا- نام بىلەن سىردىشىپ باقماپتىمەن . مانا ئەمدى پېشانىسىگە سۆيگىلى ، باغرىغا چۆككىلى ، دەرد - ھەسرىتىمنى تۆككىلى ئەزىز ئانام قەيەردە ؟! روھىڭ ئاگلاۋاتقاندۇ ئانا ، سېنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىڭنىڭ ، سېنىڭ مۇھەببىتىڭنىڭ قۇدرىتى بىلەن بارلىق ئانىلارغا يۈرىكىمدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ شۇنداق خىتاب قىلىمەن : ئېھ ، قەدىردان ئانىلار ، سىزلەرگە ھەركۈنى بايرام بولسۇن !

## ئايالىمغا

تەنتەكلىك كوچىلىرىدا مۆدۈرۈپ ، رەڭدار قۇيۇنلاردا گاڭگىراپ ، نازلىق كۈلۈشلەردىن مەست بولۇپ ، شاراب ھەسرىتىدىن تولغىنىپ ئەقلىم خىرەلەشكەن ، تەپەككۇرۇم گاللاشقان ، ئەقىدەمنى چاك باسقان ، يۈرىكىم ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ ، لەختە - لەختە قانغا ئايلانغان بىر پەيتتە ، تاسادىپىي ساڭا يولۇققان ئىدىم . شۇنىڭدىن كېيىن سەن چۆلدىكى بۇلاق سۈيىدەك ، جىمجىت ئورماندىكى رويال كۈيىدەك ، زېمىستان قىشتىن كېيىنكى باھار- دەك ، ئۇزاق تۈندىن كېيىنكى سەھەردەك ئاستا - ئاستا قەلبىمگە سىرغىپ كىردىڭ . چاڭقاپ چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن قەلب جەزىرەمگە سې- نىڭ پاك ، بىغۇبار ، ئابىھايات سۈيۈك يېڭى ھاياتلىق ، يېڭى مۇھەببەت

بەخش ئەتتى. سەن ماڭا چەكسىز ئىپتىخار ۋە ھارارەت بېغىشلىغان لاتاپەتلىك، سۈلكەتلىك، لېۋەن ۋە مەسۇم بىر گۈلدىن مانا ئەمدى ماڭا ھەقىقىي بۇرچ ۋە ئەقىدىنى تونۇتىدىغان مېھرىبان، مۇلايىم ۋە ئاق كۆڭۈل ئانىغا ئايلاندىڭ. تالاي كېچىلەردە بالىمىز بىلەن تەڭ ياش تۆككىنىڭدە، بىرەر قېتىممۇ ئىسسىق تاماق يېيەلمەي پەرزەنت ئۈچۈن پەرۋانە بولغىنىڭدا، بالىمىزنىڭ ھەرقانداق خەقشلىرىگە مۇلايىملىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ھەمدەم بولغىنىڭدا، ھەركۈنى قۇياشتىن بىرنەچچە سائەت بۇرۇن تۇرۇپ تۈگىمەس ئۆي ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتكىنىڭدە، ساڭا بىرەر قېتىممۇ رەھمەت ئېيتالمىدىم. پەقەت ھارغىن، ئەمما ئوماق، مۇلايىم چېھرىڭگە، مېھرىبانلىق، ساپ دىللىق سىڭىپ كەتكەن ۋۇجۇدۇڭغا سۆيۈنۈش بىلەن نىگاھ تاشلىغان ئىدىم. مانا بۈگۈن ئوتلۇق يۈرىكىم بىلەن ساڭا قىزغىن تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، يۈرىكىڭگە پىچىرلاي: كەلگىن ئەزىزىم، مېنىڭ ئىشقىم ساڭا بايرام بولسۇن!

## قىزىمغا

پەرزەنت دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەنلا، ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدا پەرزەنت مۇھەببىتى بىخلىنىدىكەن. بىراق، ئاتىنىڭ قەلبىدىچۇ؟

قىزىم، سەن دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنى بىر پارچە گۆشتىن پەرقلەنمەيدىغان ۋىجىك، ئەتسىز گەۋدەڭگە ھېچقانداق ھېسسىياتسىز، مۇھەببەتسىز نەزەردە مۇنداقلا كۆز تاشلىغان ئىدىم. مانا ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، مەسۇم، سەبىي كۈلكىلىرىڭ ئۆيىمىزدە جاراڭلىغاندا، چۈچۈك، تاتلىق تىلىڭ ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇرغاندا، ئوماق، غەرەزسىز قىلىقلىرىڭ بىزنى سۆيۈندۈرگەندە، پۈتۈن مۇھەببىتىمنى كۆزۈمگە يىغىپ ساڭا قانماي - قانماي تىكىلدىم، سېنى يېنىش - يېنىشلاپ پۇرىدىم. مۇشۇ دەقىقىلەردە ئايانچلىق پەرزەنت مېھرى، مۇقەددەس ئاتىلىق مۇھەببىتى قەلبىم ئۆركەشلەپ، ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. ئادەمگە ئا-

لەمچە شادلىق ، تەگسىز سۆيۈنۈش ئاتا قىلىدىغان بۇنداق سېھىر ساڭا نەدىن كەلدى قىزىم !؟ توغرا ، سېنىڭ يۇمران ۋۇجۇدۇڭغا سۆيۈملۈك ئا- ناڭنىڭ ، مېھرىبان موماڭنىڭ ، ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى نەچچە ئەۋلاد بوۋا ، مومىلىرىڭنىڭ مۇھەببىتى ، مېھرى ، ئەقىدىسى سىڭگەن . شۇڭا ، سەندىن كېلىۋاتقان مەسۇم ، سېھىرلىك پۇراق ئەجدادلارنىڭ مۇقەددەس پۇرىقى .

مانا ھازىردىن باشلاپ نۇرۇڭغۇمنىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىپ ، مونچاقتەك قارا ، بىغۇبار كۆزلىرىڭدە ھەممە نەرسىگە ھەيرانلىق ، قىزىقىش بىلەن تىكىلىپ ، چۈچۈك تىللىرىڭ بىلەن مېنى ئاۋۇندۇرۇپ ، كۆڭلۈمنى شاد ئەتمەكتىسەن . ئانىلار بايرام شادلىقىغا چۆمۈلگەن بۈگۈنكى كۈندە قەلبىم سۆيۈنگەن ، تەشۋىشلەنگەن ، كۆزلىرىم ياشلانغان ھالدا پېشانەڭگە سۆيۈپ تۇرۇپ ، چەكسىز مېھىر بىلەن ساڭا شۇنداق دەيمەن قىزىم : ماڭغىن يۈرەك پارەم ، سېنى بايراملار كۈتۈۋاتىدۇ ! ...

# سەن ...

## 1

قاشتېشىدەك سۈزۈك، پەرىشتىنىڭكىدەك بىغۇبار، پاك يۈزۈڭگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلدىم. ئەتىرگۈلنىڭ پۇرىقىدەك خۇشبۇي، مەسۇم، هارارەتلىك تىنىقلىرىڭنى قانماي - قانماي پۇرىدىم. هىدايەت نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان، مېهرلىك، قاپقارا كۆزلىرىڭگە يېنىش - يېنىشلاپ شۇڭغۇدۇم. باغرىڭدا ئېرىگەن مۇشۇ دەقىقىلەردە دۇنيانى ئۇنتۇپ، ماكان، زاماندىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، چەكسىز بەختىيارلىق لەززىتىگە چۆمۈلدۈم. ۋۇجۇدۇم، روھىم ئاتەش قۇچىقىڭدا يالقۇنغا ئايلىنىپ، پاكىز، ئەسەبىي هۇزۇردىن جەننەت مەستخۇشلۇقىغا چۆكتۈم. بۇنداق تەڭداشسىز بەختنى باشقا هېچقانداق ۋۇجۇد، هېچقانداق روهتىن هېس قىلالمايمەن. سۆيۈملۈك پەرىشتەم، مانا بۇ مېنىڭ ساڭا بولغان دېڭىزدىن چوڭقۇر سۆيگۈم، چەكسىز مەهلىيالىقىم ئەمەسمۇ؟ سەن يەنە نېمە ئۈچۈن گۇمان، كۈنداشلىق تۇيغۇسى بىلەن مېنى ساداقەتسىزلىكتە ئەيىبلەيسەن؟ مەن باشقا گۈللەرگە قارىغان، ئۇنى هىدلىغان تەقدىردىمۇ، بۇ پەقەت ۋۇجۇدۇمدىكى ئىسيانكار تەبىئىتىمنىڭ يۇلقۇنۇشى، زاهىرى، قىزىقىشتىنلا ئىبارەت، خالاس. ۋاهالەنكى، مېنىڭ سۆيگۈم، چىن ئەقىدەم مەڭگۈ ساڭا مەنسۇپ. مەندە سىرتقى دۇنياغا قىزىقىدىغان، باشقا گۈللەرگىمۇ نەزەر تاشلايدىغان مۇشۇنداق تۇيغۇ بولمىسا، سېنى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيەلەيمەنمۇ؟ مۇهەببىتىمىزنىڭ چىن مەنىسىگە

يېتەلەيمەنمۇ ؟ ئەگەر مەن ساڭا ئاسىيلىق قىلماقچى بولسام، سەن مېنى
ھەرگىزمۇ توسۇپ قالالمايسەن. سېنىڭ تەقىبىڭ ئاستىدا ۋۇجۇدۇم ساڭا
ھەمراھ بولسىمۇ، روھىم باشقا گۈللەرنىڭ بەرگىدە جەۋلان قىلىۋېرىدۇ.
دېمەك، مەندىن شۈبھىلىنىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت قەلبىمنى
دىيانەت، مۇھەببەت نۇرلىرىنىڭ يەنىمۇ جىلۋىلىك يورۇتۇشىنى تىلە.
ئۆزۈڭنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز سېھرىي قۇدرىتىڭگە ئىشەن!

## 2

ئاھۇنىڭكىدەك مەسۇم، بۇلاقتەك تىنىق، قاپقارا كۆزلىرىڭدىن
مارجاندەك ياشلار تۆكۈلۈپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىماقتىسەن. مەن
بولسام سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭغا قىلچە پەرۋا قىلمىغاندەك، لەۋلىرىمدە
سۈس تەبەسسۇم ئوينىتىپ، مەجھۇل بىر تۇستە ساڭا قاراپ ئولتۇرماقتى-
مەن. سەن مېنىڭ بۇ ھالىتىمدىن تېخىمۇ بوغۇلۇپ، ئۆكسۈشۈڭنىڭ
رىتىمىنى يەنىمۇ تېزلەتتىڭ. ياق، ياق، ئەزىزىم! پاكىز ياشلىرىڭنى بىكار
ئىسراپ قىلما. كۆز يېشى ھەقىقىي ھېسسىياتقا تويۇنغاندىلا، چىن مەن-
دىكى ياشقا ئايلىنالايدۇ. بىراق، مەن كۆڭۈل كۆزۈم بىلەن كۆزلىرىڭگە
تىكىلىپ، قارىچۇقلىرىڭنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تۇيغۇنىڭ ساختا تۇيغۇ ئى-
كەنلىكىنى بىلىپ قالدىم. سېنىڭ ھەقىقىي يىغىنى بىلگۈڭ بارمۇ؟ ئۇنداقتا
قەلب قۇلاقلىرىڭنى دىڭ تۇتۇپ، يۈرىكىمنىڭ ئۆكسۈشىنى ئاڭلاپ باق.
شۇ تاپتا كالپۇكۇمدا شەكىلەن تەبەسسۇم زاھىر قىلىۋاتقان يۈرىكىم ئىچ -
ئىچىدىن بوغۇلۇپ، دۇنيانى ئۇنتۇغان ھالدا قان - قان يىغلاۋاتىدۇ.

يۇلتۇزدەك نۇرلۇق، قۇندۇزدەك قارا، سېھىرلىك چوڭ كۆزلىرىڭدە
كۈلكە چاقنىتىپ، ئىچ - ئىچىڭگە پاتماي قاقاقلاپ كۈلمەكتىسەن. مەن
بولسام سېنىڭ كۈلكەڭ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوقتەك، كۆزلى-
رىمدە ياش، لەۋلىرىمنى ئۆمچەيتىپ مەجھۇل تۇستە ساڭا تىكىلىپ
ئولتۇرماقتىمەن. سەن مېنىڭ بۇ ھالىتىمگە قاراپ كۈلكەڭنى يەنىمۇ يۇ-

قىرى تېمىپىغا كۆتۈردۈڭ. ياق، ئەزىزىم، ياق! بىغۇبار كۈلكىلىرىڭنى بىكار زايە قىلما. كۈلكە چىن ھېسسىياتقا تويۇنغاندىلا، ھەقىقىي مەنىدىكى كۈلكىگە ئايلىنالايدۇ. بىراق، مەن كۆڭۈل كۆزۈم بىلەن تىڭشىلىپ، قارىچۇقلىرىڭنىڭ چوڭقۇرىدىكى تۇيغۇنىڭ ساختا تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى، كۈلكەڭنىڭ سۈنئىي كۈلكە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدىم. سېنىڭ ھەقىقىي كۈلكىنى ئاڭلىغۇڭ بارمۇ؟ ئۇنداقتا سەزگۈ نېرۋىلىرىڭنى ئەڭ زور دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ، يۈرىكىمنىڭ ساداسىنى تىڭشاپ باق. شۇ تاپتا لەۋلىرىمدە شەكلەن ئۆمچىيىش زاھىر قىلىۋاتقان يۈرىكىم ئىچ-ئىچىدىن شادلىنىپ، دۇنيانى ئۇنتۇغان ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈۋاتىدۇ. ھەقىقىي كۈلكە مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

## 3

ئەتراپىڭدىكى ھەربىر تال تاش، ھەرتامچە سۇ، ھەربىر تال يوپۇرماق، ھەتتا سەن نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋاغىمۇ مېنىڭ پايانسىز مۇھەببىتىم سىڭگەن. سەندە سۆيگۈمنى چۈشىنىدىغان سەزگۈر يۈرەك بولسا، ئەتراپىڭدىكى ھەربىر شەيئىدىن مېنىڭ مۇھەببىتىمنى ھېس قىلالايسەن. شۇڭا، ئېھتىيات قىل، سەن مەقسەتسىز تېپىۋەتكەن تاش مېنىڭ يۈرىكىم بولۇشى، سېنى بىزار قىلغان يامغۇر تامچىسى مېنىڭ كۆز يېشىم بولۇشى، سەن پەرۋاسىز تاشلىۋەتكەن يوپۇرماق مېنىڭ ئاجىز تىترەپ تۇرغان قەلبىم بولۇشى مۇمكىن.

## 4

سېنى گۈلۈم دېدىم، بىراق سەن مەن ئۈچۈن تىكەنگە ئايلاندىڭ. سېنى باغرىم دېدىم، ناھايەت سەن ئوتلۇق باغرىمنى لەختە-لەختە قان قىلدىڭ. سېنى قۇياشىم دېدىم، لېكىن سەن دەھشەتلىك مۇزغا ئايلىنىپ

كۆكسۇمنى زېمستان سوغۇقىغا بەند قىلدىڭ . سېنى جېنىم دېدىم ، ئەپـ
سۇس ، سەن ئەزرائىلغا ئايلىنىپ هاياتىمنى نابۇت قىلدىڭ . سېنى نېمە
دەپ چاقىراي ...

## 5

قەلبىمنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان تىكەنـ
لىك ئازغانلار ئۈسۈپ چىقتى . هەر قېتىم كۆڭۈل غەشلىكىمدىن
ئەپسۇسلۇق بورانلىرى كۆتۈرۈلگەندە ، ئۆتكۈر تىكەنلەر قەلب ئېتىزىمنى
تىلغاپ ، يۈرىكىمنى لەختە ـ لەختە قانغا ئايلاندۇردى . مەن تەلپۈنگەن
قىزىلگۈل باشقىلارنىڭ شورلۇق تۇپرىقىدىمۇ شۇنچىلىك باراقسان ئايىنـ
ماقتا . خەير ، قىسمەت شۇنداق ئوخشايدۇ ؟!

## 6

مەن مۇهەببەت سەپىرىمنىڭ ئاداققى پەللىسىدە مەغلۇبلۇق
تەقدىرىمگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم . سېنىڭ كۈلۈمسىرەشكە ئايلانـ
ماقچى بولغان يۈز مۇسكۇلۇڭ بىردىنلا نەپرەت تۈسىدە قېتىپ قالدى . ماڭا
نە چارە ؟ ئەي چىن ئەقىدىلىك قىز ، مېنىڭ ئىرادىسىز تەبىئىتىم سېنىڭ
هايات ـ ماماتلىق سىنىقىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىدى . ئۈمىدۋار بولۇپ سىـ
نىقىڭنى داۋاملاشتۇر . چوقۇم باتۇر ، پالۋان يىگىتتىن بىرى چىقىپ ،
سېنىڭ شۆهرەت گۈلۈڭنى چېكىسىگە قىسىدۇ . مەنمۇ ئۆز لايىقىمدا ئەقـ
دىسى ئانچە مۇستەهكەم بولمىغان قىزدىن بىرىنى تېپىپ يولۇمغا راۋان
بولاي .

# ئىزلىرىڭ بىرقىدە مەڭگۈ ھاياتسەن

(ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەۋەللۇتىنىڭ 100 يىللىقىغا)

چۈشلەر تۇمۇرىدا مۇقەددەس روھىڭغا ھامىلدار بولغان ئىدىم. مانا شۇنىڭدىن بۇيان ۋەسلىڭ دەھشىتىدە ھەربىر تامچە نۇرۇڭدىن مەنە ئىزدەپ، ئىزلىرىڭ چېچەكلىرىگە زارىقىپ - زارىقىپ ئىنتىلىمەن.

ئالدىمدا تۇرغان سۈرىتىڭ — تىكىلگەن جايىنى ۋاژژىدە كۆيدۈرۈۋېتەلەيدىغان، بۈركۈتنىڭكىدەك ئالغۇر، تەپەككۇر ۋە جەسۇرلۇق كېمىلىرى ئۈزۈپ يۈرگەن دېڭىزدەك تېرەن كۆزلىرىڭدە كۆزلىرىمنىڭ ئىچكىرىگە قادالدىڭ. قارىچۇقلىرىڭدىن چاچرىغان ئۆتكۈر ۋە ھارارەتلىك نۇرلار زەربىسىدىن مەجھۇل روھىم ئىزتىراپقا چۈشۈپ، كۆز ئالدىمدا چاقماقلار چېقىلدى. ناھاتكى، مەغرۇر قامىتىڭگە قىلىچ ئۇرۇلغاندا، جاھالەت ۋەسىيلىرى زېمىننى تىترىتىپ چاققان چاقماقنى سەزمىدىمىكىنە؟ ياق، ئۇ پاسىقلارنىڭ قەلب كۆزى كور، كۆڭلى سېسىغان لەشتەك لايقال. سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭ يىقىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار روھىڭنىڭ مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ۋە بىلەلمەيدۇ.

مانا، ئاسمان ئەركىسى بولغان بۈلۈتتەك ئاق رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرغان قەبرەڭ ئالدىدا چەكسىز ماتەم، ھۆرمەت تۇيغۇسىدا تەۋازۇ بىلەن سۈكۈتتە تۇرماقتىمەن. باللار، ئەۋلادلار پاك، مەسۇم تەپەككۇرى بىلەن قەلبىدەك ئاق، تازا قەبرەڭ تۇلۇقىغا بىغۇبار ھېسسىيات چەشلىرىنى، گۈزەل ئەھدۇ ئارمانلىرىنى ئۈنچىدەك تىزىشقان، قەبرەڭ ئۈستىدە باھار

ھۆسنىنى نامايىش قىلىپ ، رەڭدار گۈللەرنى « ئېچىلدۇرغان » . تۇيۇقسىز قەبرەڭ ئۈستىدە بىر ئۇلۇغ يالقۇننىڭ گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى سەزدىم . بۇ يالقۇن قەبرە تۇلۇقۇڭدىن لاۋۇلداپ كۆتۈرۈلۈپ ، مۇقەددەس ئىدىقۇت تېغىنى ، مۆرۈۋەتلىك زېمىننى ، ئەقىدىلىك يۈرەكلەرنى يالقۇن رەڭگىدە بويىماقتا ۋە تاۋلىماقتا . ناھايەتكى ، جاھالەت ھامىيلىرى مەغرۇر گەۋدەڭگە قىلىچ ئۇرغاندا ، زېمىندىكى پۈتكۈل پاسقىلىقنى ئۆرتەپ تاشلىغۇچى يالقۇننىڭ تېنىڭدىن ۋە قېنىڭدىن لاۋۇلداپ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىمىكىنە ؟! ياق ، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ قەلب كۆزى كور ، ئىنسانلىق تەبىئىتى ئۆلگەن . ئۇلار بۇ مۇقەددەس يالقۇننى كۆرمەيدۇ ۋە كۆرەلمەيدۇ .

مانا ، پاساھەت ۋە ئادالەت زەمزەملىرى ئۇقچۇپ تۇرغان ئىلھامبەخش ئەشئارلىرىڭنى كۆزلىرىمگە سۈرتتۈم . تېرەن مۇتائىلە ، چوڭقۇر ئىدىيىلەر بالقىپ تۇرغان مىسرالىرىڭنى نەچچە ئون قېتىملاپ زىكىر قىلدىم . يۈرەك قېنىڭدىن ، تەۋرەنمەس ئېتىقادىڭدىن چېچەكلىگەن يارقىن ، قەتئىي مىسرالار مەنىۋى ئالىمىمدە شىددەتلىك دولقۇن پەيدا قىلىپ ، مېنى بىر ساماۋى دۇنياغا باشلاپ باردى . بىردىنلا ئەتراپىمدا رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەندەك ، بۇ جەننەت كەبى گۈلزارلىقنىڭ سېھرىدىن بىھوش بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدىم . ناھاتكى ، زۇلمەت پاسىبانلىرى خاسىيەتلىك ئەشئارلىرىڭنى كۆيدۈرگەندە ، پۈتۈن زېمىننى رەڭدار گۈللەرنىڭ قاپلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، ھەممە ياقتىن خۇش پۇراق گۈل ھىدىنىڭ تەپچىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزمىدىمىكىنە ؟! ياق ، ئۇ ئاسىيلارنىڭ قەلب سەزگۈلىرى ئۆلگەن ، كۆڭۈل كۆزى قارىغۇ . ئۇلار بۇ گۈللەرنى كۆرمەيدۇ ۋە مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ .

مانا ، كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن ، ئوتلۇق تىنىقلىرىڭ لەيلەپ تۇرغان ، مەزمۇت قەدەم ئىزلىرىڭ بېسىلغان قەدىمكى تۇرالغۇڭغا قەدەم باسقىنىمدا ، نەقىشلىك تام ـ تورۇسلاردىن ، تالاي كەچمىشلەرگە شاھىت

بولغان تۆۋرۈك، پېشايۋانلاردىن سېنىڭ نۇرلۇق سىيمايىڭنى كۆرىمەن. پانارىنىڭ قىزغۇچ يورۇقىدا تەپەككۇر كۆزلىرىڭ بىلەن ئاق قەغەزگە تىكىلىپ، قوۋمىڭ ئۈچۈن قان سىرغىتىۋاتقان، سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدا نەقىشلىك پېشايۋان ئاستىدا قەددىڭنى مەغرۇر كېرىپ تەپەككۇر قايىنىمىغا غەرق بولغان، مېھرى ئىسسىق قوبۇلخاناڭدا ئاۋامنىڭ قايغۇسىنى قەلبىگە پۈككەن مەسلەكداشلىرىڭ بىلەن قىزغىن مۇتائىلە، مۇشائىرە قىلىۋاتقان ھالىتىڭ نامايان بولىدۇ. تام - تورۇسلاردىن ئەشئار ئوقۇۋاتقان جاراڭلىق ئاۋازىڭ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. ناھاتكى، پاسىق مەلئۇنلار ھۆرلۈك، ئادالەت يولىدىكى چۇقانلىرىڭنى بوغماقچى بولغانلىرىدا، ھەممىلا جايدىن قەھرلىك ئاۋازىڭنىڭ ياڭراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىدىقۇت دىيارىدىكى ھەربىر تاش، دەرەخ، ھەرتامچە سۇنىڭ ئۆلمەس مىسرالىرىڭنى ئۈنسىز يادلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىمىكىنە؟! ياق، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ قەلب سەزگۈسى ئۆلگەن، كۆڭۈل قۇلىقى گاس. ئۇلار بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىمايدۇ ۋە مەڭگۈ ئاڭلىيالمايدۇ.

كۆرگىن، ئاڭلىغىن شائىر بوۋا، سەن سۇنغان گۈللەر ھەممە قەلبلەردە پورەكلىمەكتە، سەن ئوقۇغان شېئىرلار بارچە قەلبلەردىن ياڭرىماقتا، سەن قالدۇرغان ئىزلار پۈتكۈل قەلبلەرگە تۇتاشماقتا.

本集子由作者一部分短篇小说和散文编成。

جاۋابكار مۇھەررىرى : **ئابدۇرەھمان ئابدۇرەھىم**
جاۋابكار كوررېكتورى : **بەختىيار ئابلىمىت جەسۇر**
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى : **ئارزۇگۈل سىدىق**

# قايدىسەن دىلدار

( ھېكايە ـ نەسرلەر )

ئاپتورى : **ئۆمەرجان سىدىق ( مىسكىن )**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168 × 850 مم 32 / 1
باسما تاۋىقى : 4.625   قىستۇرما ۋارىقى : 1
2001 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 2570 ــــــ 1

---

ISBN7 — 5373 — 0877—2/I. 245
باھاسى : 8.00 يۈەن

« تۇرپان » ، « ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى » قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ، ھېكايە ، نەسر ، ئوبزور ۋە مۇلاھىزە ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان. ئۇ نەشرگە تەييارلىغان ( باشقىلار بىلەن بىللە ) « پەرۋاز قىل تۇرپان » ، « ئاتەش نەپەسلەر » ناملىق ئىككى كىتاب 1996 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان . ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى « يۈرەكسىز سۆيگۈ » ، « قەشقەردىكى يەر شارى » ناملىق ئەدەبىي توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن ۋە ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن . « ھالقىش » ، « بولۇمسىز ستودېنت » ، « كېچىكىپ كەلگەن خەت » قاتارلىق ھېكايىلىرى ھەققىدە مەتبۇئاتلاردا ئوبزور ئېلان قىلىنغان . ئۇ 2001 - يىلى « توغراققا ئايلانغان ئادەملەر » ناملىق ئەسىرى بىلەن 11 - قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا نائىل بولغان .

بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ 10 نەچچە يىللىق ئىجادىيىتىدىكى نادىر ھېكايە ۋە نەسرلىرى كىرگۈزۈلدى .

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : مەخمۇتجان تۇردى

ISBN 7-5373-0877-2

9 787537 308779 >

ISBN 7 — 5373 — 0877 — 2

I. 245(民文) باھاسى : 8.00 يۈەن